# مەرىپەت

2021/2

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پەسىللىك ژۇرنال

2021-يىللىق 2-سان (ئومۇمىي 35-سان)



- قۇرئان كەرىم «قۇرئانچىلار»غا نېمە دەيدۇ؟
- كاپىرلار بىلەن ئورنىتىلىدىغان مۇناسىۋەتنىڭ رامكىسى
- ئىسلام، ئىلىم - پەن ۋە قالايمىقانچىلىقلار
- ئۆلگە ۋە ئۆلگىلىكنىڭ رولىنىڭ ئەھمىيىتى
- قىز - يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان

# مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسى

## كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز سەمىگە . . .

ژۇرنىلىرىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ ئالتىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا بىز مۆھتەرەم ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ–قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزنى داۋام قىلىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىششى ۋە ئەتراپىمىزدىكى سەممىي ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ئارقىسىدا، ھەر ساندا بىر نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى باھالاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتۇق.

ھەر ساندا ئىلگىرىكى ساندا مۇكاپات نامزاتى سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر نەپەر ئاپتورنىڭ نام شەرىپى ۋە ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر:

1. تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
3. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەر.
4. مائارىپ توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر...

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتور قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزنى يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بارلىق ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ ئادىللىقنى تۇتقا قىلغان ئاساستا، ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ باھا ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ژۇرنىلىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشىنى، بىزنى پائال قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنى سورايمىز.

كامالى ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

100 دوللار

بۇ ساندا تۈركىيەدىن
قارىيە مۇئمىن مەمنۇن
مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈلدى
مۇبارەك بولسۇن!

# مۇندەرىجە


❋ كاپىرلارغا تەرەپدار بولماسلىق ۋە ئۇلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ھەققىدە..............مۇھەممەد يۈسۈپ 5

❋ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئاسانلىق كۆرۈنۈشلىرى (2)...............................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 12

❋ غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈك باسقۇچلىرى (2)..............................ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى ئۆزلەشتۈرگەن 17

❋ قانداق قىلغاندا دىنىمىزدا مۇستەھكەم تۇرالايمىز...............................مۇھەممەد ئىمىن بېشارەت 30

❋ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئەملى..........................دوكتور ئەلى سەللابىي 39

❋ «قۇرئانچىلار»غا قۇرئان كەرىم نېمە دەيدۇ..................سىراجىدىن ئەزىزى 45

❋ ئۈلگە ۋە ئۈلگىلىك رولىنىڭ ئەھمىيىتى.........................................مۇھەممەد يۈسۈپ 49

❋ ئىسلام بىلەن ئىلىم ـ پەننىڭ مۇناسىۋىتى ۋە زامانىمىزدىكى قالايمىقانچىلىقلار.. ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدەۋىي....................................مۇسا بابۇر تەرجىمىسى 61

❋ قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان..دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار..... ئابدۇمجىت مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى 66

❋ مىسىردىكى تۇنجى ھەنەفىي مەدرىسەسىنىڭ تۇنجى مۇدەررىسى —— ئەللامە مۇھەممەد خوتەنى..........................................ئابدۇللا روزىمۇھەممەت 77

❋ ئەي مۇسۇلمان ياش «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگىن........ نۇرىددىن يىلدىز.ئابدۇللا يالقۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان 82



دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي

پەسىللىك ژۇرنال

2021

2 ـ سان (ئومۇمىي 35 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:

سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:

مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئابدۇلئەھەد ئۇجات

ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن

ئاتاۋۇللا سەئىد

تاھىرجان

مۆمىنجان سىدىق

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

مۇشتەرىي بولۇڭ

ئەسەر ئەۋەتىڭ

پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ

www.meripetjournal@gmail.com

www.merifet.net

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ 6 ـ يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان قەدىرلىك ئاپتورلارنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى ۋە ئىخلاسى بىلەن ھەر سان ژۇرنالنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ئەڭ ياخشى چىقىرىشقا ۋە بەلگىلەنگەن قەرەلدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە كۈچەپ كەلدۇق.

خۇددى بىز تونۇجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئانا تىلىمىزنى قوغداشنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

بۇ يىل يەنى 2020 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئۆلىمالار ژۇرنىلى» نامىدا يېڭىدىن بىر ژۇرنال تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ژۇرنال خاراكتېر جەھەتتىن پۈتۈنلەي دىنىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال قىلىپ بېكىتىلدى. شۇڭلاشقا بىز «مەرىپەت ژۇرنىلى»نى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئېچىۋېتىلگەن، ئۇنىۋېرسال بىر نەشر ئەپكارى قىلىپ، يېڭىچە تۈس ۋە قىياپەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

ئېچىۋېتىش دېگىنىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسلىدىكى نىشان ۋە پىرىنسىپلىرىدىن چەتنەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ خىللىشىش، ھەر خىل ژانىرلارغا ئىستون ئاچىرىتىش، ئەدەبىي، بەدىئىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلارغا سەھنە ھازىرلاش دېگەنلىكتۇر.

مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە قەلەم قۇۋۋىتى ياخشى، پىكرى ئىلغار، ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، تۈرلۈك ژانىرلاردا ئەسەر يازالايدىغانلار ئاز ئەمەس. بىز سىلەرگە سەھنە ھازىرلىدۇق، بىز ھەر قاچان سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا...

قېنى قېرىنداشلىرىم، ئانا تىلىمىزغا بولغان سۆيگۈڭىزنى ئەمەلىي ئىقتىدارىڭىز ئارقىلىق ئىپادىلەڭ. سىزنىڭ قەلىمىڭىزدىن تەپچىگەن ئانا تىل مۇھەببىتى ژۇرنىلىمىز قۇرلىرىدا ئەكس ئەتسۇن، ئەسەرلىرىڭىزدە دولقۇنلىغان گۈزەل سەترلەر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھارغىن روھىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، تەشنا قەلبىگە ئابىھايات بولسۇن...

ھۆرمەت بىلەن:

—— «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى



# كاپىرلارغا تەرەپدار بولماسلىق ۋە ئۇلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ھەققىدە كۆرسەتمىلەر

مۇھەممەد يۈسۈپ

(نەشر قىلىنىش ئالدىدىكى «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق تەپسىردىن تاللانما)

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاءَ تُلْقُونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَقَدْ كَفَرُوا بِمَا جَاءَكُمْ مِنَ الْحَقِّ
يُخْرِجُونَ الرَّسُولَ وَإِيَّاكُمْ أَنْ تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ رَبِّكُمْ إِنْ كُنْتُمْ خَرَجْتُمْ جِهَادًا فِي سَبِيلِي وَابْتِغَاءَ مَرْضَاتِي تُسِرُّونَ إِلَيْهِمْ
بِالْمَوَدَّةِ وَأَنَا أَعْلَمُ بِمَا أَخْفَيْتُمْ وَمَا أَعْلَنْتُمْ وَمَنْ يَفْعَلْهُ مِنْكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاءَ السَّبِيلِ (1) إِنْ يَثْقَفُوكُمْ يَكُونُوا
لَكُمْ أَعْدَاءً وَيَبْسُطُوا إِلَيْكُمْ أَيْدِيَهُمْ وَأَلْسِنَتَهُمْ بِالسُّوءِ وَوَدُّوا لَوْ تَكْفُرُونَ (2) لَنْ تَنْفَعَكُمْ أَرْحَامُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ
يَوْمَ الْقِيَامَةِ يَفْصِلُ بَيْنَكُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ (3) قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ
قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَآءُ مِنْكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاءُ أَبَدًا
حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ إِلَّا قَوْلَ إِبْرَاهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ وَمَا أَمْلِكُ لَكَ مِنَ اللَّهِ مِنْ شَيْءٍ رَبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا
وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ (4) رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِلَّذِينَ كَفَرُوا وَاغْفِرْ لَنَا رَبَّنَا إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ (5)
لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِيهِمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَمَنْ يَتَوَلَّ فَإِنَّ اللَّهَ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ (6)
عَسَى اللَّهُ أَنْ يَجْعَلَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ الَّذِينَ عَادَيْتُمْ مِنْهُمْ مَوَدَّةً وَاللَّهُ قَدِيرٌ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ (7) لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ
الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ (8)
إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَى إِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ
يَتَوَلَّهُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ (9)

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

1 - ئى ئىمان ئېيتقانلار! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان تۇرسا، سىلەر ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلىۋاتىسىلەر، ئۇلار رەببىڭلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن

پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتماڭلار)، سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزۈۋاتىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.

2 - ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يەڭسە سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سىلەرنى تىللايدۇ، سىلەرنىڭ كاپىر بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ.

3 - قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ سىلەرنى ئايرىۋېتىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

4 - ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوبدان ئۈلگە بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن يىراقمىز، بىز سىلەرنى (ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنى) ئىنكار قىلدۇق. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. لېكىن، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھتىن كېلىدىغان (ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايمەن» دېگەن سۆزى ئۈلگە قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار مۇنداق دۇئا قىلدى) «ئى رەببىمىز! ساڭىلا تاياندۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.

5 - ئى رەببىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! بىزگە مەغپىرەت قىلغىن. شەكسىزكى، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن».

6 - (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەردە سىلەرگە —— ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بار. كىمكى (ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۈلگە قىلىشتىن، كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇڭلار دېگەن ئەمرىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ئۇنىڭغا) موھتاج ئەمەستۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

7 - ئاللاھ سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

8 - سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

9 - ئاللاھ سىلەرنى دىن خۇسۇسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار ھەقىقەتەن (ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى، زۇبەيرنى ۋە مىقدادنى رەۋزەتۇ خاخ دېگەن (مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى بىر) جايغا بېرىڭلار، ئۇ يەردە كاجىۋا ئۈستىدە بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر خەت بار، شۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. بىز ناھايىتى تېزلىكتە بېرىپ، ئايالنى تاپتۇق ۋە ئۇنىڭدىكى خەتنى سورىدۇق. ئايال دەسلەپتە بەرمەسلىكتە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەمما بىز ئۇنى قورقۇتۇپ تەھدىت سالغاندىن كېيىن، خەتنى چېچىنىڭ ئارىسىدىكى تىقىۋالغان يېرىدىن چىقىرىپ بەردى. خەتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدۇق. خەت ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە دېگەن كىشىنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىغا ئەۋەتكەن مەخپىي خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى مەخپىيەتلىكى يېزىلغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاتىبنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى سورىغاندا، ھاتىب ئۆزىنىڭ مۇرتەد بولمىغانلىقىنى، مۇناپىقمۇ ئەمەسلىكىنى، پەقەت مەككىدىكى قورەيش قەبىلىسى بىلەن تۇغقانچىلىقى بولغانلىقتىن، ئۇلارنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۆز تەدبىرلىرىنى ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ خەتنى يازغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئېتىراپقا قارىتا: ‹توغرا سۆزلەۋاتىدۇ› دېدى، ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى توسۇۋالدى ۋە ھاتىبنىڭ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇجاھىدلاردىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! مېنىڭمۇ دۈشمىنىم ۋە سىلەرنىڭمۇ دۈشمىنىڭلار بولغانلارنى دوست تۇتماڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى»[1]. مەلۇمكى، بۇ مەنىدە نازىل بولغان ئايەتلەر كۆپتۇر. مەسىلەن: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىيلارنى ۋە خرىستىيانلارنى دوست تۇتماڭلار﴾[2]، ﴿مۆئمىنلەر مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن﴾[3] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر.

[1] «صحيح مسلم» 4 ـ توم، 1941 ـ بەت، 2494 ـ ھەدىس، «أسباب النزول لزغلول» 1 ـ توم، 442 ـ بەت، 812 ـ ھەدىس.
[2] مائىدە سۈرىسى: 51 - ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 28 - ئايەت.

## تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشەنگەنلىكتىن، دىلى ئىمان بىلەن بېزەلگەن، ئۆزى ئىمان بىلەن شەرەپلەنگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى، ئۆزۈڭلارنىڭمۇ دۈشمىنى بولغان كاپىرلارنى ھەرگىز دوست تۇتماڭلار، ئۇلارغا قەلبىڭلارنى ئاچماڭلار، ئۇلارغا سىرلىرىڭلارنى بەرمەڭلار. ئۇلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرىنى بېرىش سىلەرگە ھەرگىز لايىق كەلمەيدۇ. ئۇلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىڭلار ۋە دىلىڭلاردىن ئورۇن بېرىشىڭلار قەتئىي توغرا ئەمەس.

ئاللاھ تائالا بىزنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن، ئۇلارغا تەرەپدار بولۇشتىن ۋە ئۇلارغا سىرلىرىمىزنى بېرىشتىن قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەق دىنىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى مەۋقەدە تۇرۇشتى. ئۇ كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى دوست تۇتمايدىغانلىقى تۇرغان يەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنى دوست تۇتۇشى، ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشى قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى بىز مۇسۇلمان تۇرساق، ئۇلار كاپىر تۇرسا، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىرەر دىنىي رىشتە بولمىسا، ئەكسىچە، ئوتتۇرىمىزدا دىنىي ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك داۋاملىشىۋاتقان تۇرسا، بىز ئۇلارغا ئىشەنچ قىلساق، قەلبىمىزنى ئۇلارغا ئاچساق، مەخپىيەتلىكلىرىمىزنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرسەك بولامدۇ؟ بۇ تولىمۇ خەتەرلىك قىلمىش ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بىزگە دۈشمەن تۇرسىمۇ، بىز ئۇلارنى ئۆزىمىزگە دوست قىلىۋالساق بولامدۇ؟

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر قانداقمۇ كاپىرلارنى دوست تۇتىسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقىڭلار ئۈچۈنلا، ئۇلار پەيغەمبىرىڭلارنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان، مال - مۈلۈكىڭلارنى تارتىۋالغان، سىلەرگە قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇلارغا سىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىسىلەر؟

رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچقان بىر ئىش مەخپىي قالمايدۇ. سىلەردىن كىمكى مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق بولغان شۇنداق ئىشنى سادىر قىلىدىكەن، ئۇ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ.

سىلەر كاپىرلارنى دوست تۇتقىنىڭلار بىلەن ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ، قولىدىن كەلسە سىلەرنى ياشاتماسلىققا تىرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ دىلى سىلەرنى يامان كۆرۈش

بىلەن، تىلى سىلەرگە ھاقارەت ياغدۇرۇش بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلار سىلەرنىڭ كاپىر بولۇشۇڭلارنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى دەپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنى دوست تۇتامسىلەر؟ ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى سىلەرگە نە تۇغقانلىرىڭلار، نە پەرزەنتلىرىڭلار، نە بايلىقىڭلار ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى ئۇ كۈندە سىلەرنىڭ تۇغقانچىلىق رىشتىڭلار ئۈزۈلگەن بولىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن ئايرىلغان بولىسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلارغا قىيامەت كۈندە ئەسقاتىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن قانداق ۋە قايسى ئەمەللەرنى قىلدىڭلار، بۇنىڭغا قاراپ بېقىڭلار. شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈلگىلىك رولى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنى دوست تۇتماي، پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇڭلار، ئۇنى ھاياتىڭلاردا ئۈلگە قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەردە سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بىر ئۆرنەك، بىر ئۈلگە بار. ئۆز ۋاقتىدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ كاپىر قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن يىراقمىز، بىز سىلەرنى (ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنى) ئىنكار قىلدۇق. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتتۇرىغا چىقتى، تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر بۇ ساقلىنىپ قالىدۇ» دېگەن ئىدى. سىلەرمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا راستىنلا ئەگەشىدىغان بولساڭلار، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. ھەممە ئىشتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئۈلگە قىلىڭلار، پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانسىز ئاتىسى ئازەرگە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەنلىكىنىلا ئۈلگە قىلماڭلار. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇنى ھىدايەت تېپىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەن ئىدى. دېمەك، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر بىزنىڭ ھەرقانچە يېقىن تۇغقىنىمىز بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تىلىشىمىز جائىز ئەمەس. بۇنىڭ دەلىلى: ﴿ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى

ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى﴾[1] دېگەن ئايەتتۇر. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشتا ئۇنىڭ ئاتىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقى مۇستەسنا قىلىنغان. چۈنكى ئىسلامدا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرگە مەغپىرەت تىلەش يوق.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: ﴿ئى رەببىمىز! ساڭىلا تاياندۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. ئى رەببىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! بىزگە مەغپىرەت قىلغىن. شەكسىزكى، سەن (ھەممىدىن) غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن﴾.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر ھەرقانداق بىر مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر، ئەڭ ئوبدان ئۆرنەكتۇر. كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىپ، كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇشقا بۇيرۇغان ئەمرىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىلىپ قالسۇنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداقلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە موھتاج ئەمەستۇر. ئەكسىچە، ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە يەر يۈزىدىكى بارچە مەدھىيە ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! كاپىرلارنى دوست تۇتماسلىق، ھەر قانچە يېقىن تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش سىلەرگە ھەرگىز ئېغىر كەلمىسۇن. ئاللاھ تائالا سىلەر بىلەن دىنىي ئاداۋەتتە بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارنى ھىدايەت قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇراڭلاردا ھەقىقىي دوستلۇق، دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئورنىتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ بەندىلىرىدىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلارغا تولىمۇ شەپقەتلىكتۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق بىزنىڭ كاپىرلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ چەك - چېگراسىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بىزنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا سىرلىرىمىزنى ئېيتىپ بېرىشتىن مەنئى قىلىدۇ، خۇسۇسەن ئىسلام ئۈممىتىگە زىيانلىق ئىشلاردا ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى يەتكۈزۈش ئەڭ ئېغىر خىيانەتتۇر. مەلۇمكى، خائىنلار مۇناپىقلارغا ئوخشاش دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ.

ئەمما بىز گەرچە ئۆزلىرى ئىمان ئېيتمىغان بولسىمۇ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلمىغان، بىزنى يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقارمىغان، دىنىمىز ۋە ئىمانىمىز سەۋەبلىك بىز بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشتىن مەنئى

[1] تەۋبە سۈرىسى: 114 - ئايەت.

قىلىنمىدۇق. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق بايان قىلغان: ﴿سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى دىن خۇسۇسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار ھەقىقەتەن زالىملاردۇر﴾.

مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش قەتئىي توغرا ئەمەس.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى كاپىرلارغا يەتكۈزگەن ئادەم شەكسىز خائىندۇر.

3. كاپىرلاردىن شەپقەت كۈتۈش ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا شەپقەت قىلمايدۇ.

4. بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ دەرىجىسى ھەممىدىن يۇقىرىدۇر.

5. قىيامەت كۈنى ئىمانى يوق ئادەمگە ھېچكىم تۇغقانلىق شاپائىتىنى يەتكۈزەلمەيدۇ.

6. مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلارنى ئۈلگە قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن مېڭىشى زۆرۈردۇر.

7. كاپىرلارغا يان بېسىش ۋە ئۇلارغا تەرەپدار بولۇش قەتئىي جائىز ئەمەس.

8. ئىمان بارلىق ئاداۋەتلەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ھەرقانداق كاپىر ئىمان ئېيتىش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دوستىغا ئايلىنىدۇ ۋە ئارىسىدىكى دىنىي ئاداۋەت دوستلۇققا ئايلىنىدۇ.

9. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى ۋە بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشى پەرزدۇر.

10. كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمىگەن ۋە دۈشمەنلىك قىلمىغان كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

11. ھەر كىمگە ئادالەتلىك ۋە ئىنساپلىق بولۇش مۇسۇلماننىڭ سۈپىتىدۇر.



# ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئاسانلىق كۆرۈنۈشلىرى

(2)

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

- بېشى ئالدىنقى ساندا...

## 5- دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى مەنئىي قىلىش:

ئىسلامدا مۇكەللەف (بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئادەم)كە بەلگىلىگەن ئەمەل- ئىبادەتلەر ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرى مەجبۇرىي يەنە بىرى ئىختىيارىدۇر. مەجبۇرى ئىبادەتلەر ئادا قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ قىلىشى مەجبۇرى بولغان، ئۆزرىسىز قىلمىسا جازالىنىدىغان پەرز- ۋاجىب ئەمەللەردۇر. ئىختىيارىي ئىبادەتلەر بەندىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان، قىلسا كۆپ مۇكاپاتلىنىدىغان، قىلمىسا جازاغا تارتىلمايدىغان مۇستەھەب ۋە نەپلە ئەمەللەردۇر. بۇ ئىككىنچى قىسىم ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش تەرغىب قىلىنغان ۋە ئۇنى ئادا قىلغانلارغا كاتتا مۇكاپاتلار ۋەدە قىلىنغاندۇر. لېكىن ئىسلام ئەينى ۋاقىتتا بۇ نەپلە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي قائىدە بېكىتكەن. ئۇ بولسىمۇ نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىمەن دەپ تەن سالامەتلىكىگە زەرەر بەرمەسلىك ۋە ئۆزىنى قىينىماسلىقتۇر. چۈنكى نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىمەن دەپ ئۆزىنى قىيناش، دىنىمىز ئېلىپ كەلگەن ئاسانلىق پىرىنسىپىگە زىت كېلىدۇ ۋە پەرز ئىبادەتلەرنى ئىھمال قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن: كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىپ، ناماز بامداتقا تۇرالمىغانغا ئوخشاش ياكى كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئەتىگەندە ئىشقا كەچ قالغان ياكى ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن ئىشنى ياخشى قىلالمىغانغا ئوخشاش. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەسجىدكە

كىرگەندە، ئىككى تۆۋۈك ئارىسىغا باغلانغان بىر ئارغامچىنى كۆرۈپ: «بۇ ئارغامچا نېمە؟» دەپ سورىدى. ساھابىلار: بۇ زەينەبنىڭ ئارغامچىسى، ئۇ نەپلە ناماز ئوقۇپ ھېرىپ كەتكەندە مۇشۇ ئارغامچىغا تايىنىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولمايدۇ، بۇنى يېشىۋېتىڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار تېتىك-روھلۇق ھالەتتە ناماز ئوقۇسۇن، ھېرىپ قالغاندا ئولتۇرسۇن» دېدى.[1]

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن بىر ئايال يېنىمدا ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى. «بۇ ئايال كىم؟» دەپ سورىدى. مەن: ئۇ پالانى، كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيدۇ، دەپ ئۇنىڭ نامازلىرىنى تىلغا ئالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولدى قىلە! ئەمەل-ئىبادەتلەرنى تاقىتىڭلار يەتكۈچىلىك قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر مالال بولۇپ قالمىساڭلار ئاللاھ مالال بولۇپ قالمايدۇ» دېدى.[2] بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق: سىلەر نەپلە ئىبادەتلەرنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار، كۈچۈڭلار يەتمەيدىغان ئىباھتلەرنى ئۆزەڭلارغا يۈكلىمەڭلار. چۈنكى سىلەر قانچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلساڭلار ئاللاھ تائالا ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن مالال بولۇپ قالمايدۇ. لېكىن سىلەر ئاجىز بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۆزەڭلارغا يۈكلىۋالغان ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرالماي، ئۇنى تەرك ئېتىسىلەر. داۋاملىق قىلىنغان ئاز ئىبادەت بىر مۇددەت قىلىپ تەرك ئېتىلگەن كۆپ ئىبادەتتىن ياخشىراقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىشنى بۇيرۇغان. چۈنكى ئۇنىڭدا ئاسانلىق بار، كەڭچىلىك بار، قىيىنچىلىق تارتىدىغان ۋە قىلالمايدىغان ئىش يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە رەسۇلۇللاھ ئۈممىتىگە ئەگەشسە، ئۈممەت ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە زورلۇقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّ فِيكُمْ رَسُولَ اللَّهِ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرٍ مِنَ الْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ حَبَّبَ إِلَيْكُمُ الْإِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ أُولَئِكَ هُمُ الرَّاشِدُونَ﴾ «بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسىقنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر.»[3]

ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردىدۇر، ئۇنى ھۆرمەتلەڭلار، ئۇنى ئۇلۇغلاڭلار، ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولغاننى ياخشى بىلىدۇ، سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بەكرەك مېھرىباندۇر، ئۇنىڭ سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردىكى قارىشى سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ھەققىدىكى قارىشىڭلاردىن بەكرەك توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ سىلەر خالىغان ۋە تاللىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە سىلەرگە ئەگەشسىدىغان بولسا، بۇ سىلەرنى قىيىنچىلىققا

[1] بۇخارى: 1150.
[2] بۇخارى: 1151.
[3] سۈرە ھۇجۇرات: 7-ئايەت.

ئېلىپ بارىدۇ ۋە سىلەر مۇشكۇل ھالغا چۈشۈپ قالىسىلەر.[1]

بۇ يەردە ئۆزەڭلارنى قىينىماڭلار، ئىبادەتلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، دىگەنلىك سۈننەت ۋە نەپلە ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇ ئىبادەتلەرگە سەل قاراڭلار، ئۇنى قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ، دىگەنلىك ئەمەس. چۈنكى سۈننەت ۋە نەپلە ئىبادەتلەر بەك مۇھىمدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە چەكسىز مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئەڭ ئاز ئىبادەتنى پەرز قىلغان. بۇ پەرز ئىبادەتلەر بەزىدە كام بولۇپ قالىدۇ، بەزىدە ئىبادەتلەر ئۆز لايىقىدا ئادا قىلىنماي قالىدۇ. سۈننەت ۋە نەپلە ئىبادەتلەر ئەنە شۇ كەمچىلىكلىرىمىزنى تولۇقلايدۇ، ئاللاھ تائالانى خۇشنۇد قىلىدۇ ۋە ئۇ ئىبادەتلەرنى قىلغۇچىنى چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشتۈرىدۇ. نەپلە ئىبادەت قىلغان كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىسى قۇدسىدە مۇنداق دېگەن: {وما يزال عبدي يتقرب إلي بالنوافل حتى أحبه، فإذا أحببته، كنت سمعه الذي يسمع به، وبصره الذي يبصر به، ويده التي يبطش بها، ورجله التي يمشي بها، وإن سألني أعطيته، ولئن استعاذني لأعيذنه} «بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىششنى داۋاملاشتۇرسا، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇنى بېرىمەن. مەندىن پاناھ تىلىسە، ئۇنى پاناھىمغا ئالىمەن.»[2] بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز پەرز ئىبادەتلەرنى ئۆز جايىدا ئادا قىلغاندىن كېيىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش، نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئۆزىنى قىينىماسلىقتۇر.

## 6- ئىنسانلارنى خاتالاشقانلىق، ئۇنتۇغانلىق ۋە مەجبۇرلانغانلىق سەۋەبىدىن قىلغان ياكى قىلمىغان ئىشلاردىن جاۋابكارلىققا تارتماسلىق:

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھۆرمەتلىك يارىتىپ نۇرغۇن مەخلۇقلىرىدىن پەزىلەتلىك ۋە ئۈستۈن قىلدى؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جانلىق-جانسىز بارلىق مەخلۇقلارنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. بۇ ھۆرمەتلىك ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتلىك بولۇشى ئۈچۈن بەزى نەرسىلەرنى بۇيرىدى، بەزى نەرسىلەرنى مەنئى قىلدى. لېكىن بۇ ئىنساندا بەزىدە ئۇنتۇپ قېلىپ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلمايدىغان ۋە مەنئى قىلغان ئىشلارنى قىلىپ سالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا لايىق بولمايدىغان خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ. بەزىدە زوراۋان كۈچلەر تەرىپىدىن خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغان ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىلمەستىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن، خاتالاشقاندىن كېيىن تەۋبە قىلغان، قەستەن بولماستىن ئۇنتۇپ قېلىپ گۇناھ سادىر قىلغان ۋە ئۆزى خالىمىغان ھالدا مەجبۇرلانغان كىشىنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُخَفِّفَ عَنْكُمْ وَخُلِقَ

[1] تەپسىر ئىبنى كەسىر: 4-توم، 322-بەت.
[2] بۇخارى 8/105.

﴿الْإِنْسَانُ ضَعِيفًا﴾ «ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يىنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم بالىسىنىڭ ھەممىسى خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر» دېگەن.[2]

مېھرىبان ئاللاھ بەندىلىرىگە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بىر دۇئا ئۆگەتكەن: ﴿رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا﴾ «ئى رەببىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن.»[3] ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بۇ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلاردىن جاۋابكارلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى مۇنداق بايان قىلغان: «بەندىلەر بۇ دۇئانى قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ‹شۇنداق قىلدىم› دەيدۇ.»[4]

مەغپىرەتتى چەكسىز بولغان ئاللاھنىڭ مەجبۇرلانغۇچىنى كەچۈرىدىغانلىقىنى، ساھابە كىراملاردىن ھەزرىتى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەقەدە كۆرىمىز. ئىمام تەبەرانى ئەبۇ ئۇبەيدەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: مۇشرىكلار ئەممار ئىبنى ياسىرنى تۇتىۋېلىپ شۇنداق قاتتىق قىيىندىكى، ئەممار ئازابقا چىدىيالماي مۇشرىكلار تەلەپ قىلغان كۇپۇر سۆزنى ئېيتتى. كېيىن ئەممار بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ سۆزنى ئېيتقان ۋاقتىڭدا قەلبىڭ قانداق ئىدى؟» دېدى. ئەممار: قەلبىم ئىمان بىلەن مۇستەھكەم ئىدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مۇشرىكلار سېنى يەنە مۇشۇنداق مەجبۇرلىسا، ئۇلار تەلەپ قىلغان سۆزنى يەنە ئېيتقىن» دېدى.[5] بۇ ۋەقە سەۋەبلىك مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: ﴿مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ــ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ــ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ»[6]

## 7- رۇخسەتكە ئەمەل قىلىش:

بۇ دىنىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ پىرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى شەرىئەتنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىدە رۇخسەت بار. ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، نىكاھ، تالاق، مىراس ۋە جازالار قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە رۇخسەت يولغا قويۇلغان.

[1] سۈرە نىسا: 28 ـ ئايەت.
[2] تىرمىزى: 2499.
[3] سۈرە بەقەرە: 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] «جامع البيان» 14/182.
[6] سۈرە نەھل: 106 ـ ئايەت.

رۇخسەت ـ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ يەڭگىللىتىشنى تەقەززا قىلىدىغان ھالەتلىرىگە مەخسۇس بېكىتكەن ھۆكمىدۇر. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاسانلىق ۋە كەڭچىلىك دىنى ئىكەنلىكىنى تالاش ـ تارتىشقا ئورۇن قويمايدىغان شەكىلدە ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئىسلام ئاسانلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزى بەرگەن رۇخسەتكە ئەمەل قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىمام ئەھمەد ۋە دارەقۇتنى ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قەتئىي بۇيرۇقلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ياخشى كۆرگەندەك، بەرگەن رۇخسەتلىرىگە ئەمەل قىلىنىشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.» ئىمام مۇسلىم ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇش ھەققىدە: «بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان سەدىقىسىدۇر، ئاللاھنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار» دېگەن.

8- ئۆرپ ـ ئادەتكە ئەمەل قىلىش:

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئۆرپ ـ ئادەت ـ ئىنسانلار ئۆز ئارا مۇئامىلە ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە كۆنۈپ ئادەتلەنگەن، شەرىئەتكە زىت كەلمەيدىغان، ھارامنى ھالال سانىمايدىغان ۋە شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى بىكار قىلمايدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر.

تۆت مەزھەب ئىماملىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئاستىدا قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلغانلىقى، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشتا تايىنىدىغان بىر ئاساس ۋە پرىنسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ھەر كەنت ۋە ھەر قەۋمنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئەنئەنە ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ۋەزىيەت ۋە ئەنئەنىلىرى بىلەن ماسلىشىپ كېلىشى ئىسلامنىڭ ئاسانلىق ۋە كەڭچىلىك دىنى بولغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلىدۇر.

ئىمام مالىك رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى كۆپلىگەن ھۆكۈملەرنى مەدىنە خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسەن بېكىتكەن. ئىمام ئەزەم بىلەن شاگىرتلىرى ئىمام مۇھەممەد ۋە ئەبۇ يۈسۈپ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. ئىمام شافئىي مىسىرغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بۇرۇن باغداتتا ۋاقتىدا بەرگەن ھۆكۈملىرىنىڭ كۆپىنى ئۆزگەرتكەن. چۈنكى ئىراق خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن مىسىر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كونا ـ يېڭى ئىككى مەزھىبى بولغان. ھەنبەلى ئالىملارمۇ بۇ دائىرىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. مانا بۇلار دىنىمىزنىڭ ئاسانلىق ۋە كەڭچىلىك پرىنسىپلىرىدۇر. كېلىدىغان سانلاردا بۇ پرىنسىپلارنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق ئىجرا قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىمىز.



# غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك باشقۇچلىرى (2)

ئەبۇلقاسىم ئەھمەدى ئۆزلەشتۈرگەن

غەلىبــــە ۋە ئۈســــتۈنلۈك باســــقۇچلىرى دەۋەت قىلىــــش باســــقۇچى، ســــەپداش تالــــلاش باســــقۇچى، كــــۈرەش قىلىــــش باســــقۇچى، غەلىبــــە ۋە ئۈســــتۈنلۈككە ئېرىشــــش باســــقۇچى قاتارلىــــق باســــقۇچلارنى ئــــۆز ئىچىگــــە ئالىدىغــــان بولــــۇپ، ئالدىنقــــى ســــاندا دەۋەت قىلىــــش باســــقۇچى ئۈســــتىدە توختالغانــــدۇق. ئالــــلاھ خالىســــا بــــۇ ســــاندا ســــەپداش تاللاش باســــقۇچى ئۈســــتىدە توختىلىمىــــز.

## سەپداش تاللاش باسقۇچى

پەيغەمبەرلــــەر خەلققــــە ئاللاھنىــــڭ دىنىنــــى يەتكــــۈزۈش جەريانىــــدا خەلــــق ئارىســــىدىن دەۋەت خىزمىتىگــــە يــــاردەم بېرەلەيدىغــــان، ئۆزلىرىدىــــن كېيىــــن دەۋەت خىزمىتىنــــى توختىتىــــپ قويمــــاي داۋاملاشــــتۇرالايدىغان سەپداشــــلارنى تالــــلاپ، مەخســــۇس تەربىيىلــــەپ يېتىشــــتۈرگەن. پەيغەمبىرىمىــــز مۇھەممــــەد ئەلەيھىســــسالام، ســــاھابە كىرامــــلار ۋە ئاللاھنىــــڭ شــــەرىئىتىنى تەتبىقــــلاش يولىــــدا تىرىشــــچانلىق كۆرســــىتىپ كەلگــــەن دەۋەتچىلەرمــــۇ بــــۇ ئىشــــقا ئالاھىــــدە كۆڭــــۈل بۆلگــــەن.

ئالــــلاھ تائــــالا قۇرئــــان كەرىمــــدە مۇئمىنلەرنــــى ئىيســــا ئەلەيھىســــسالامنىڭ ســــاھابىلىرىغا ئوخشــــاش ئاللاھنىــــڭ ياردەمچىلىــــرى بولۇشــــقا چاقىرىــــپ مۇنــــداق دەيــــدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا أَنْصَارَ اللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّينَ مَنْ أَنْصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنْصَارُ اللَّهِ﴾ «ئــــى مۇئمىنلــــەر! ھەۋارىيــــۇنلار (يەنــــى ئىيســــا ئەلەيھىســــسالامنىڭ ســــاھابىلىرى) دەك ئاللاھنىــــڭ

ياردەمچىلىرى بولۇڭلار، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا (ئەلەيھىسسالام) ھەۋارىيونلارغا: ‹ئاللاھ ئۈچۈن كىملەر مېنىڭ ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟› دېدى، ھەۋارىيونلار: ‹ئاللاھ ئۈچۈن بىز ياردەمچىلىرىڭ بولىمىز› دېدى»[1].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۆئمىنلەرنى قولىدىن كېلىشىچە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ»[2].

بۇ ئايەتتىكى تەييارلىق دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ پۈتۈن تەييارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، سەپداش تاللاپ يېتىشتۈرۈش باسقۇچىدىكىلەر خەلقنىڭ ئىسلامغا كىرىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىش يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن، ياخشى تەييارلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى لازىم[3].

دەۋەت خىزمىتىگە ياردەم بېرەلەيدىغان سەپداشلارنى تاللاپ، ئۇلارنى قۇرئان ۋە سۈننەت روھى بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش باسقۇچى غەلىبە ۋە ئۇستۇلۇككە ئېرىشىش باسقۇچلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا چۈشىنىش ۋە ئىجرا قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم ئامىللارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

## بىرىنچىدىن: بۇ باسقۇچنىڭ مۇھىم نىشانلىرى

بىرىنچى نىشان: سەپداش تاللاش. بۇ، كۈرەش قىلىش باسقۇچىدا جىھادقا لاياقەتلىك بولۇش ئۈچۈن دەۋەت باسقۇچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرغانلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تاللاشتۇر. بۇ تاللاشنىڭ ئۆلچەملىرى بار بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. روھىي قۇدرەتكە ئىگە بولۇش. تاللانغان شەخس روھى پاك بولۇش، ئاللاھ داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇسى بولۇش، پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى نامايان بولۇش ۋە ئاللاھقا باغلانغان بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت روھىي قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى لازىم.

[1] سەف سۈرىسى، 14 ـ ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى، 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] انظر: فقه الدعوة إلى الله، د. علي عبد الحليم (1/447).

2. ئەقلىي قۇدرەتكە ئىگە بولۇش. شەخسنى ئەقلىي تەرەپتىن لاياقەتلىك قىلىدىغان مۇھىم سۈپەت ئۇنىڭ ئىلىم ئىگىلىشىگە، گۇمانخورلۇقتىن يىراق بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ھوشيارلىقتۇر. ئىنسان ۋە ئەشيالارغا ھۆكۈم قىلىشتا ئېغىر بېسىق بولۇش، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇش، يىراقنى كۆرىدىغان بولۇش قاتارلىقلار ھوشيارلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر.

3. جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇش. سەپداش تاللاش باسقۇچى دۇشمەن بىلەن كۈرەش قىلىش باسقۇچىغا تەييارلىق قىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭغا پەقەت كېسەللەردىن خالىي بولغان، جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان كىشىلەرلا لايىق بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىنلەر ھەر ۋاقىت كۈچ ـ قۇۋۋەت ھازىرلاشقا تىرىشىشى لازىم.

4. ھەرىكەتچانلىق قۇدرىتىگە ئىگە بولۇش. كىشىلەرگە ئارىلىشىش قىزغىنلىقى، كىشىلەرنى سەپكە تارتىپ ئەكىلىش قۇدرىتى قاتارلىق سۈپەتلەر تېپىلغان شەخس ھەرىكەتچانلىق قۇدرىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

5. ئۇيۇشمىدارلىق قۇدرىتىگە ئىگە بولۇش. خىزمەتتە ئاكتىپ ۋە پائالىيەتچان بولۇش، كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا ماھىر بولۇش، دەۋەتچى بولۇشنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىش قاتارلىق سۈپەتلەر تېپىلغان شەخس ئۇيۇشمىدارلىق قۇدرىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.



مانا بۇ سۈپەتلەر سەپداشلىققا تاللانغان شەخستە بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي سۈپەتلەردۇر. بىز تىلغا ئالغان ئۆلچەم بويىچە بۇ سۈپەتلەر تېپىلمىغانلار ئىسلامنىڭ باشقا ساھەلىرىدە خىزمەت قىلسا ياخشى بولىدۇ. چۈنكى، ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرۇلمىغان ئىشتىن كۆزلىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى نىشان: ۋەزىپەلەندۈرۈش. يەنى ھەربىر شەخسكە مۇناسىپ خىزمەت، ھەربىر خىزمەتكە مۇناسىپ ۋاقىت بەلگىلەش. ھەربىر شەخسكە مۇناسىپ خىزمەت بېرىش خىزمەتكە مەسئۇل بولغان كىشىنىڭ ھەربىر خىزمەتكە نىشان بەلگىلەشنى، خىزمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋەسىلىلەرنى بەلگىلەشنى، ھەربىر خىزمەتكە ماس كېلىدىغان كىشىلەرنى بەلگىلەشنى، ھەربىر خىزمەتكە مۇناسىپ ۋاقىت بەلگىلەشنى ياخشى بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئۈچىنچى نىشان: تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش. يەنى ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلىشقا قادىر بولالىغىدەك كۈچلۈك شەخسلەرنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي، ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. بۇ، دەۋەت باسقۇچلىرىنىڭ مۇھىم باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ، ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىبىسى بولغان جىھادقا ئادەم تەييارلاش ۋە يېتىشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان باسقۇچتۇر.

تۆتىنچى نىشان: كونترول قىلىش. يەنى سەپداشلىقتا تاللانغان شەخسلەرنى ياخشى كونترول قىلىش، ياخشى ئىدارە قىلىش. چۈنكى ئادەتتىكى بىر مۆئمىنىڭ ھاياتىمۇ بارلىق ئىشلاردا ئىسلام قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا كونترول قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇكسەك مەرتىبىسى بولغان جىھاد ئۈچۈن تاللانغان شەخسلەرنىڭ ھاياتىنىڭ كونتروللۇقتا بولۇشى ئەۋلادۇر.

سەپداش تاللاپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش باسقۇچىنىڭ ئەسلى نىشانلىرىنىڭ بىرى مۆئمىنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە نائىل بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەر ئىشتا ئاللاھ يولغا قويغان قانۇن ۋە ئۆلچەملەر بويىچە كونترول قىلىشتۇر.

بۇ باسقۇچتا تاللانغانلارنىڭ ئالاھىدە مەسئۇللار تەرىپىدىن كۆڭۈل بۆلۈنىشى ۋە ھەر بىرىم ئايدا مەخسۇس پروگراممىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىشى، بۇ ئالىي نىشانلارنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئۈچۈن كۈرۈسلار ۋە يىغىلىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى، بۇ باسقۇچ ئۈچۈن تەييارلانغان پروگراممىلارنىڭ روھىي، ئەقلىي، جىسمانىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى قاتارلىقلار مەركەز نىشانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككىنچىدىن: روھىي تەربىيە

روھنى پاكلاش ۋە ئۇنى تەربىيەلەشنىڭ بىرقانچە يوللىرى بار بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ھېكمىتىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن كائىنات ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ رَبَّكُمُ اللهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومَ مُسَخَّرَاتٍ بِأَمْرِهِ أَلاَ لَهُ الْخَلْقُ وَالأَمْرُ تَبَارَكَ اللهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾ «شۈبھىسىزكى، رەببىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ. ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر»[1].

2. ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممە نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىق ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعِنْدَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لاَ يَعْلَمُهَا إِلاَّ هُوَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلاَّ يَعْلَمُهَا وَلاَ حَبَّةٍ فِي ظُلُمَاتِ الأَرْضِ وَلاَ رَطْبٍ وَلاَ يَابِسٍ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ. وَهُوَ الَّذِي يَتَوَفَّاكُم بِاللَّيْلِ وَيَعْلَمُ مَا جَرَحْتُم بِالنَّهَارِ ثُمَّ يَبْعَثُكُمْ فِيهِ لِيُقْضَى أَجَلٌ مُّسَمًّى

[1] ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەت.

ثُمَّ إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر. ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ»[1].

3. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش روھنى تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاسىتەلىرىدىندۇر. چۈنكى ئىبادەت ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە كەمتەر بولۇشنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُوا إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ «رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى»[2].

## نەپسىنى پاكلايدىغان، روھنى يۈكسەلدۈرىدىغان ئىبادەتلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى: تاھارەت، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىقلارغا ئوخشىغان پەرز ئىبادەتلەر.

ئىككىنچى تۈرى: ئىنساننىڭ بارلىق سۆز، ھەرىكەت ۋە ھەتتا ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ مەنىدىكى ئىبادەتلەر. چۈنكى ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بارلىق ئىشلار نەپسىنى پاكلايدىغان، روھنى يۈكسەلدۈرىدىغان ئىبادەتتۇر[3].

روھنى تەربىيەلەشنىڭ مۆئمىننىڭ رەببى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىش، كائىنات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى روشەنلەشتۈرۈش، قېرىنداشلىرىنى ۋە ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلدۇرۇش، ھېسسىياتنى، ماددىي كۈچ-قۇۋۋەتنى يېڭىش، كۈچ-قۇۋۋەتنى بىگانە ئاللاھتىن ئېلىش ئالاھىدىلىكىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى نامايەن بولىدۇ[4].

## ئۈچىنچىدىن: ئەقلىي تەربىيە

ئەقلىي تەربىيەدىن ئەقلىنى تەربىيەلەشنى، ئۇنىڭ كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىش

[1] ئىسرا سۈرىسى، 23-ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى، 23-ئايەت.
[3] انظر: فقه الدعوة إلى الله، د. علي عبد الحليم (1/472، 471).
[4] انظر: فقه الدعوة إلى الله، د. علي عبد الحليم (1/472، 471).

قۇدرىتىنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلمىز. بۇ، مۇئمىنلەرنى دەۋەت يۈكنى كۆتۈرۈشكە لاياقەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرىدىغان تەربىيە ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىبىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلِ انْظُرُوا مَاذَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا تُغْنِي الآيَاتُ وَالنُّذُرُ عَن قَوْمٍ لاَّ يُؤْمِنُونَ﴾ «ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ»[1].

ئەقىل ئىنساننىڭ مۇھىم ئېنېرگىيىلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئىنساننىڭ مۇكەللەپ بولۇشى ئۈچۈن ئەقىلنى شەرت قىلغان. مەجنۇنلۇق سەۋەبىدىن ئەقلىدىن مەھرۇم بولغان ئىنسان ئىسلام تەلىماتىغا ئەمەل قىلىشقا مۇكەللەپ بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾ «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ»[2].

دېمەك، ئەقىل ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمىتى بولۇپ، ئىنسان شۇ ئەقىل ئارقىلىق ئىلىم ئىگىلەشكە قادىر بولالايدۇ.

ئىسلام ئەقىلنى تەربىيەلەش ئۈچۈن مەخسۇس پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئەقىلنى گۇمان، تەخمىن ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىش قاتارلىقلاردىن يىراق قىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِن يَتَّبِعُونَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنَّ الظَّنَّ لاَ يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا﴾ «ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ»[3]. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەنلىكىنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالُوا بَلْ نَتَّبِعُ مَا أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لاَ يَعْقِلُونَ شَيْئًا وَلاَ يَهْتَدُونَ﴾ «ھەرقاچان ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟»[4].

2. ئەقىلنى ئىزدىنىشكە، تەكشۈرۈشكە ۋە ئېنىقلاشقا چاقىرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن جَاءَكُمْ فَاسِقُ بِنَبَأٍ فَتَبَيَّنُوا أَن تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ

[1] يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.
[3] نەجم سۈرىسى، 28 ـ ئايەت.
[4] بەقەرە سۈرىسى، 170 ـ ئايەت.

كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىر-بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار»[1].

3. ئەقلىنى كائىنات ھەققىدە ئويلىنىشقا چاقىرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا إِلاَّ بِالْحَقِّ﴾ «بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدىلا ياراتتۇق»[2].

4. ئەقلىنى ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئۈچۈن يولغا قويغان ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە مۇكەممەل ھايات ئۇسلۇبلىرىدىكى سىر - ھېكمەتلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا چاقىرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُ اللهُ لِيُبَيِّنَ لَكُمْ وَيَهْدِيَكُمْ سُنَنَ الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ وَيَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَاللهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ وَاللهُ يُرِيدُ أَن يَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الشَّهَوَاتِ أَن تَمِيلُوا مَيْلاً عَظِيمًا يُرِيدُ اللهُ أَن يُخَفِّفَ عَنْكُمْ وَخُلِقَ الإِنْسَانُ ضَعِيفًا﴾ «ئاللاھ سىلەرگە (ھالال ۋە ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى) بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلار) نىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى»[3].



5. ئەقلىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ھەققىدىكى قانۇنىيىتىگە نەزەر سېلىشقا چاقىرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ يَرَوْا كَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَبْلِهِم مِّن قَرْنٍ مَّكَّنَّاهُمْ فِي الأَرْضِ مَا لَمْ نُمَكِّن لَّكُمْ وَأَرْسَلْنَا السَّمَاءَ عَلَيْهِم مِّدْرَارًا وَجَعَلْنَا الأَنْهَارَ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمْ فَأَهْلَكْنَاهُمْ بِذُنُوبِهِمْ وَأَنْشَأْنَا مِن بَعْدِهِمْ قَرْنًا آخَرِينَ﴾ «ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار كۆرمىدىمۇ؟ (يەنى ئۇلەردىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟) ئۇلارنى زېمىندا سىلەرنى يەرلەشتۈرمىگەن بىر شەكىلدە يەرلەشتۈرگەن ئىدۇق، ئۇلارغا مول يامغۇرلار ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، ئۆستەڭلارنى ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلغان ئىدۇق، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق»[4].

مانا بۇ كۆپلىگەن پەلسەپىچىلەر ئەقلىنى ئۇلۇغلاپ، ئەقلغا ئۆز ھەققىدىن ئاشۇرۇپ بېرىۋېتىپ ئېزىپ كەتكەندەك ئېزىپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن ئاللاھ ئەقىل ھەققىدە بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن ئىلاھىي تەلىماتتۇر.

[1] ھۇجرات سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.
[2] ھجر سۈرىسى 85 ـ ئايەت.
[3] نىسا سۈرىسى، 26 ـ 28 ـ ئايەتلەر.
[4] ئەنئام سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.

## تۆتىنچىدىن: جىسمانىي تەربىيە

ئاللاھ تائالا بىزگە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتقانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس مەنىيدىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھىدىن كىرگۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەك ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ وَبَدَأَ خَلْقَ الإِنْسَانِ مِن طِينٍ ثُمَّ جَعَلَ نَسْلَهُ مِن سُلاَلَةٍ مِّن مَّاءٍ مَّهِينٍ ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِ وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ قَلِيلاً مَّا تَشْكُرُونَ﴾ «ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمەتكە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنىي) دىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى جاننى كىرگۈزدى). يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر»[1].

بۇ ئايەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى ئەقىل ئېنېرگىيىسى، روھ ئېنېرگىيىسى ۋە جىسىم ئېنېرگىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئېنېرگىيىدىن ياراتقانلىقىغا، ئاندىن ئۇنى زېمىندا ئورۇن باسار قىلىپ، ئۇنىڭدىن زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا ئىشارەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ الأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾ «ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى»[2].

ئىنسان جىسمىنى تەربىيەلەشتە ۋە جىسمىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى لايىقىدا ئادا قىلىشىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىشى زۆرۈر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان كىيىم كېچەك، شېرىن، پاك رىزىقلارنى ھارام قىلىۋالغانلارغا ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالْطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ﴾ «ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟›»[3]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇئمىنلەرنى ھالال نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋالماسلىققا، چەكتىن ئاشماسلىققا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاَ تُحَرِّمُوا طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللهُ لَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُوا إِنَّ اللهَ لاَ يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ وَكُلُوا مِمَّا رَزَقَكُمُ اللهُ حَلاَلاً طَيِّبًا وَاتَّقُوا اللهَ الَّذِي أَنْتُمْ بِهِ مُؤْمِنُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزۈڭلارغا) ھارام قىلماڭلار، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ[4]. ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن

[1] سەجدە سۈرىسى، 9 ـ 7 ـ ئايەتلەر.
[2] ھۇد سۈرىسى، 61 ـ ئايەت.
[3] ئەئراف سۈرىسى، 32 ـ ئايەت.
[4] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئاقتا قىلىۋېتىش، گۆش يېمەسلىك، ئاياللارغا يولىماسلىق نىيىتىگە كەلگەن ئىدى، بۇ توغرىدا بۇ ئايەت نازىل بولغان.

يـەڭلار، سـىلەر ئىمـان ئېيتقـان ئاللاھقـا تەقۋادارلـىق قىلـىڭلار»[1].

شەكسـىزكى ئىنسـانىڭ بـۇ ئېھتىياجلىرىنـى ھـەل قىلـىش ئاللاھقا ئىبـادەت قىلـىش، زېمىندا ئـورۇن باسـار بولـۇش، زېمىنـى گۈللەنـدۈرۈش، ئۆزئـارا ھەمكارلىشـىش، ياردەملىشـىش قاتارلـىق ئالـلاھ ئىنسـانىي ۋەزىپىلەندۈرگـەن ۋەزىپىلەرنـى لايىقـدا ئـادا قىلىشـىغا يـاردەم بېرىـدۇ. بـۇ ئېھتىياجلىرىنـى ھـەل قىلماسـتىن ئىنسـانىڭ ھېـچ بىـر ۋەزىپىسـى لايىقـدا ئـادا بولمايـدۇ[2].

شـۇنىڭ ئۈچـۈن شـەرىئەت ئىنسـانىڭ جىسـمانىي ئېھتىياجلىرىنـى تۆۋەندىكـدەك ئىنچىكـە رەتكـە سـالدى ۋە تىزگىنلـىدى:

1. ئىنسـانىڭ كىيىم ـ كېچـەك، يېمەك ـ ئىچمەككـە بولغـان ئېھتىياجىنـى تىزگىنلـەش. ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلاَ تُسْرِفُوا﴾ «ئى ئـادەم باللىرى! ھەر قانداق مەسـجىتكە بارغانـدا چىرايلـىق كىيىمىڭلارنـى كىيىـڭلار، يـەڭلار، ئىچـىڭلار، ئىسـراپ قىلمـاڭلار، ئالـلاھ ئىسـراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتـەن ياقتۇرمايدۇ»[3].

2. ئىنسـانىڭ ئۆيگـە بولغـان ئېھتىياجىنـى تىزگىنلـەش. ئالـلاھ تائالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَاللَّـهُ جَعَلَ لَكُـم مِّـن بُيُوتِكُـمْ سَـكَنًا﴾ «ئالـلاھ سـىلەرگە ئۆيۈڭلارنـى تۇرالغـۇ جـاي قىلىـپ بـەردى»[4].

3. ئىنسـانىڭ تـوي قىلـىش، ئائىلـە قـۇرۇش ئېھتىياجىنـى تىزگىنلـەش. ئالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَالَّذِيـنَ هُـمْ لِفُرُوجِهِـمْ حَافِظُونَ إِلاَّ عَلَى أَزْوَاجِهِـمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُـمْ فَإِنَّهُـمْ غَيْرُ مَلُومِيـنَ فَمَـنِ ابْتَغَـى وَرَاءَ ذَلِـكَ فَأُولَئِـكَ هُـمُ الْعَـادُونَ﴾ «ئـۇلار ئەۋرەتلىرىنـى (ھارامدىـن) سـاقلىغۇچىلاردۇر. (يەنـى ئەۋرەتلىرىنـى) پەقـەت خوتۇنلىرىدىـن، چۆرىلىرىدىـن باشـقىلاردىن سـاقلىغۇچىلاردۇر (بـۇلار بىلـەن يېقىنچىلىـق قىلغۇچىـلار مالامـەت قىلىنمايـدۇ). بۇنـىڭ سـىرتىدىن (جىنسـىي تەلەپنـى قاندۇرۇشـنى) تەلـەپ قىلغۇچىـلار ھەددىدىـن ئاشـقۇچىلاردۇر»[5].

4. ئىنسـانىڭ مال ـ مۈلـۈك ۋە زېمىنغـا ئىگـە بولۇشـقا رۇخسـەت بېرىش، لېكىـن مونوپول ۋە بېسـىمدارلىقنى ھـارام قىلـىش ئارقىلـىق ئىگىلىـك ھوقۇقىنـى تىزگىنلـەش. ئالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ «مالـلار ۋە بالـلار دۇنيـا تىرىكچىلىكىنىـڭ زىننىتىدۇر»[6].

[1] مائىدە سۈرىسى، 88 ـ 87 ـ ئايەتلەر.
[2] فقه الدعوة إلى الله (1/487).
[3] ئەئراف سۈرىسى، 31 ـ ئايەت.
[4] نەھل سۈرىسى، 80 ـ ئايەت.
[5] مۇئمىنۇن سۈرىسى، 7 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
[6] كەھف سۈرىسى، 46 ـ ئايەت.

5. زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىقنى ھارام قىلىش، زالىملارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئارقىلىق ئىنسانلىنىڭ ھۆرمىتىنى، ھەق ـ ھوقۇقىنى تىزگىنلەش. ئاللاھ تائالا زالىملارنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ لاَ يُفْلِحُ الظَّالِمُونَ﴾ «زالىملار ھەقىقەتەن مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا زالىملارغا ئازاب تەييارلىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ عَذَابًا﴾ «زالىملارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق»[2].

6. ئىنسانلىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئىسلامدا چەكلەنمىگەن ۋە باشقىلارغا زىيان ئېلىپ كەلمەيدىغان بولۇشىنى شەرت قىلىش ئارقىلىق ئىشلەش ۋە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشقا بولغان ئېھتىياجىنى تىزگىنلەش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي الأَرْضِ فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ﴾ «زېمىندا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشىمۇ ھەقىقەتتۇر»[3].

7. ئىنسانلىنىڭ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشىنىڭ نىشانى ئاللاھ رازىلىقى بولۇشىنى شەرت قىلىش ئارقىلىق مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشنى تىزگىنلەش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ للهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ﴾ «ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟»[4].

8. ھورۇنلۇق قىلىش ياكى زىيادە جاپا تارتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلىنىڭ راھەتلىنىشكە بولغان ئېھتىياجىنى تىزگىنلەش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُ اللهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمْ وَخُلِقَ الإِنسَانُ ضَعِيفًا﴾ «ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى»[5]. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى مەغرۇرلىنىشتىن، چوڭچىلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَرْيَةٍ بَطِرَتْ مَعِيشَتَهَا فَتِلْكَ مَسَاكِنُهُمْ لَمْ تُسْكَن مِّن بَعْدِهِمْ إِلاَّ قَلِيلاً وَكُنَّا نَحْنُ الْوَارِثِينَ﴾ «بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كۆچۈرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدۇر، ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن (ئۇ جايلاردا) ئازغىنا ۋاقىتتىن تاشقىرى ئادەم تۇرغان ئەمەس، ئۇلار (نىڭ مال ـ مۈلكى ۋە يۇرتىغا) بىز ۋارىسلىق قىلدۇق»[6].

مانا بۇلار مۇئمىنلەرنىڭ جىھادىنىڭ يۈكلىرىنى، دەۋەتنىڭ غەملىرىنى، ھاياتنىڭ جاپا ـ

[1] ئەنئام سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.
[2] فۇرقان سۈرىسى، 37 ـ ئايەت.
[3] ئەئراف سۈرىسى، 129 ـ ئايەت.
[4] نىسا سۈرىسى، 125 ـ ئايەت.
[5] نىسا سۈرىسى، 28 ـ ئايەت.
[6] قەسەس سۈرىسى، 58 ـ ئايەت.

مۇشـەققەتلىرىنى كۆتۈرۈشـكە قادىـر بولۇشـى ئۈچـۈن ئىسـلامنىڭ جىسـمىنى تەربىيەلەشـتىكى بـەزى كۆرسـەتمىلىرىدۇر. ئىسـلامنىڭ ئىنسـان جىسـمىنى تەربىيەلەشـتىكى بـۇ كۆرسـەتمىلىرىگە ھەممـە ئىنسـان مۇھتـاج، بولۇپمـۇ سـەپداش تالـلاپ يېتىشـتۈرۈش باسـقۇچىدىكىلەر تېخمـۇ مۇھتاج.

## بەشىنچىدىن: ئىجتىمائىي تەربىيە

قۇرئـان كەرىـم ئىجتىمائىـي تەربىيىگـە ئالاھىـدە ئەھمىيـەت بەرگـەن ۋە ئۇنـىڭ ئۈچـۈن تۆۋەندىكىـدەك بىـر قانچـە ئاساسـلارنى ئوتتۇرىغـا قويغـان:

## بىرىنچى ئاساس: قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش.

بـۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مەدىنىگـە يېتىـپ كېلىپ، مۇھاجىـرلار بىلەن ئەنسـارلارنى ئاللاھ يولىـدا قېرىنـداش قىلغانلىقىـدا ئوچـۇق نامايـەن بولىـدۇ. چۈنكـى ئـۇلار شـۇنىڭدىن باشـلاپ ئاللاھ يولىـدا قېرىنـداش بولـدى. بـۇ قېرىنداشـلىق ھـەر بىـر مۇئمىنىـڭ قەلبىگـە نەقـش بولـۇپ ئويۇلـدى، بەلكـى ئـۇلار مۇشـۇ قېرىنداشـلىقنىڭ تەقەززاسـى بىلـەن بىـر-بىرىنىـڭ ۋارىسـىغا ئايلانـدى. بـۇ ۋارىسـلىق ئاللاھ تائالانىـڭ بـۇ مۇبـارەك ئايىتـى چۈشـكەنگە قـەدەر داۋام قىلـدى: ﴿وَأُولُـو الأَرْحَـامِ بَعْضُهُـمْ أَوْلَى بِبَعْـضٍ فِي كِتَـابِ اللهِ إِنَّ اللـهَ بِـكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ «ئاللاھنىـڭ ھۆكمىـدە، ئۇرۇق-تۇغقانـلار بىر-بىرىگـە مىراسـخور بولۇشـقا (ياتلاردىن) ئـەڭ ھەقلىقتـۇر، شۈبھىسـىزكى، ئاللاھ ھـەر شـەيئىنى بىلىـپ تۇرغۇچىـدۇر»[1]. بـۇ ئايـەت چۈشـكەندىن كېيىـن بـۇ ۋارىسـلىق ئەمەلدىـن قالدۇرۇلـدى، ئەممـا قېرىنداشـلىق رىشتىسـى ئاۋۇالقـى ھالىتىـدە داۋام قىلـدى، ھەتتـا ئاللاھ تائالانىـڭ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُـونَ إِخْـوَةٌ﴾ «مۇئمىنلـەر ھەقىقەتـەن قېرىنداشـلاردۇر»[2]. دېگـەن مۇبـارەك ئايىتـى بىلـەن تېخمـۇ كۈچەيـدى.

ئەنسـارلارنىڭ ئاللاھ يولىدىكـى قېرىنداشـلىق چۈشەنچىسـىنىڭ تەقەززاسـىنىڭ جۈملىسـىدىن مۇھاجىـر قېرىنداشـلىرىنىڭ تۇرمـۇش يۈكلىرىنـى كۆتۈرۈشـۈپ بېرىـش، ئۇلارنىـڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىـڭ مەنپەئىتىدىـن ئـەلا بىلىـش بولغـان بولـۇپ، ئاللاھ تائـالا ئۇلارنىـڭ بـۇ چۈشەنچىسـى ۋە ئەمەلىنـى مەدھىيلـەپ بـۇ ئايـەت كەرىمنـى نازىـل قىلغـان: ﴿وَالَّذِيـنَ تَبَـوَّءُوا الـدَّارَ وَالإِيمَـانَ مِـن قَبْلِهِـمْ يُحِبُّـونَ مَـنْ هَاجَـرَ إِلَيْهِـمْ وَلاَ يَجِـدُونَ فِي صُدُورِهِـمْ حَاجَـةً مِّـمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِـرُونَ عَلَى أَنْفُسِـهِمْ وَلَـوْ كَانَ بِهِـمْ خَصَاصَـةٌ وَمَـن يُـوقَ شُحَّ نَفْسِـهِ فَأُولَئِـكَ هُـمُ الْمُفْلِحُـونَ﴾ «ئۇلاردىـن (يەنـى مۇھاجىرلاردىـن) مەدىنىـدە يەرلىـك بولغـان، ئىمانـى كۈچلـۈك بولغانـلار (يەنـى ئەنسـارلار) يېنىغـا ھىجـرەت قىلىـپ كەلگەنلەرنـى (يەنـى مۇھاجىرلارنـى) دوسـت تۇتىـدۇ، ئۇلارغـا بېرىلگـەن نەرسـىلەر ئۈچـۈن ئىچـى تارلىـق قىلمايـدۇ، ئـۇلار موھتـاج تۇرۇقلـۇق (مۇھاجىرلارنىـڭ مەنپەئىتىنـى) ئۆزلىرىنىـڭ (مەنپەئىتـى) دىـن ئـەلا بىلىـدۇ، ئـۆز نەپسـىنىڭ بېخىللىقىدىـن سـاقلانغانلار

[1] ئەنفال سۈرىسى، 75- ئايەت.
[2] ھۇجرات سۈرىسى، 10- ئايەت.

مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[1].

ئىككىنچى ئاساس: شەخسنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك خەلق ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش.

ئىسلام ئاللاھ ھالال قىلغان ۋە ھېچقانداق كىشىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا خەلق ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن[2]. بۇنىڭ ئۆرنەكلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش، قىيىنچىلىقلاردا ھەمدەم بولۇش. ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنى ياخشى ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلاَ تَعَاوَنُوا عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُوا اللهَ إِنَّ اللهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق»[3].

2. ئۆزئارا ياردەم بولۇش؛ بىر-بىرىگە ھەقنى، سەۋرنى تەۋسىيە قىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَصْرِ إِنَّ الإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ إِلاَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىربىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر»[4].

3. ئۆزئارا كۆيۈمچان بولۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُحَمَّدٌ رَّسُولُ اللهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ﴾ «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر»[5]. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇئمىنلەرنى مەدھىيلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ كَانَ مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ﴾ «شۇنىڭ بىلەن بىللە (يەنى يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر»[6].

ئۈچىنچى ئاساس: جەمئىيەتتە ئومۇملىشىش زۆرۈر بولغان سۈپەتلەرنى

[1] ھەشر سۈرىسى، 9 ـ ئايەت.
[2] انظر: فقه الدعوة إلى الله (1/507).
[3] مائىدە سۈرىسى، 2 ـ ئايەت.
[4] ئەسر سۈرىسى.
[5] فەتھ سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.
[6] بەلەد سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.

مۇئەييەنلەشـــتۈرۈش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَا أُوتِيتُم مِّن شَيْءٍ فَمَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَمَا عِندَ اللهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى لِلَّذِينَ آمَنُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ. وَالَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُوا هُمْ يَغْفِرُونَ. وَالَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِرَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ. وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنتَصِرُونَ﴾ «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر، ئىمان ئېيتقان، رەببىگە تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، رەببىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر»[1].

شەكسىزكى، بۇ سۈپەتلەر ئومۇملاشقان جەمئىيەت توغرا يول تۇتقان، بەختكە ئېرىشكەن جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئۆرنىكى بولالايدۇ [2].

تۆتىنچى ئاساس: ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ياخشى جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللهِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[3].

بۇ ياخشىلىق بەش ئەسىردىن بېرى دۇنيادا ئىرقىي قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىپ، مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىرقىي ياخشىلىق ئەمەس، بەلكى ئىمان ئېيتىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئاساسىدىكى ياخشىلىقتۇر.

بۇ ئاساسلار جەمئىيەتتە ئومۇملىشىشى زۆرۈر بولغان ئاساسلاردۇر. سەپداش تاللاپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش باسقۇچى ئۈستۈنلۈككە، ئىمان ۋە تەۋھىد دۆلىتى قۇرۇشقا يېتىشتىكى نىشانلارنىڭ ئۇل- ئاساسى بولىدىغان ئەڭ مۇھىم باسقۇچلاردىندۇر.

— داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] شۇرا سۈرىسى، 36 ـ، 39 ـ ئايەتلەر.
[2] انظر: فقه الدعوة إلى الله (1/509).
[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 110 ـ ئايەت.



# قانداق قىلغاندا دىنىمىزدا مۇستەھكەم تۇرالايمىز؟

مۇھەممەتئىمىن بىشارەت

بۇ ئەسىردە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئېغىر پالاكەتلەر كەلدى. ئوسمانلار خىلاپىتى يىقىلغاندىن باشلاپ تا ھازىرغا قەدەر مۇسۇلمانلار دىيارىنىڭ ھالى كۈندىن-كۈنگە خارابلاشتى، بىرلىكى بۆلۈندى، ئۆملۈكى پارچىلاندى، قەدرى-قىممىتى چەيلەندى...

ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق تۈرك ئىسلام ئەللىرى كوممۇنىست ئىستېلاسىنىڭ دەھشەتلىك رىجىمى ئاستىدا ۋەھشىيلەرچە زۇلۇمغا ئۇچرىدى. يېقىنقى زامانلاردا ئىراق، سۇرىيە، لىۋىيە، ئاراكان، لىۋان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدىمۇ دەھشەتلىك بومباردىمانلارغا ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي پاجىئەلەرگە شاھىت بولدۇق. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ئارىسىدا دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىدىكى ئۇنتۇلغان دىيار شەرقىي تۈركىستانمۇ بۈگۈنكى دۇنيا ئىنسانلىرىغا تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدىغان، تەسۋىرلىگەندىمۇ ئاسانلىقچە ئىشەندۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر ئىسكەنجىلەر ئارىسىدا قالدى. بۇ ئەھۋاللار ئاز بولمىغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن شۈبھىلىنىدىغان، دىنىنى ئىلمانىيلارچە[1] چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدىغان، ھەتتا ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيا ئەنە شۇنداق ئىمتىھان دۇنياسى ئىدى. بۇ دۇنيا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، نېمەت بىلەن ئازاب، تاتلىق بىلەن ئاچچىق، خۇشاللىق بىلەن

[1] ئون ئۈچىنچى ئەسىردە بىخلىنىشقا باشلاپ، دىنىنى ھاياتلىق سەھنىلىرىدىن خۇسۇسەن سىياسىي ۋە ھاكىمىيەت سەھنىلىرىدىن ئايرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىكرىي ئېقىم.

قايغۇنىڭ بىرىكمىسىدىن يۇغۇرۇلغان مۇرەككەپ سىناق دۇنياسى ئىدى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە مۇسۇلمان بولغان ساھابىلەرگە كەلگەن قىيىن ـ قىستاقلارمۇ ناھايىتى ئېغىر، چىدىغۇسىز دەرىجىدە بولۇپ، ئەنە شۇنداق پەيتلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ يېنىغا كەلگەن ساھابىلەرنىڭ بىرى بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھقا بىزگە يەتكەن ئەزىيەتلەر ھەققىدە شىكايەت قىلىپ كەلدۇق. رەسۇلۇللاھ كەبىنىڭ سايىسىدا چاپىنىنى ياستۇق قىلىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىز ئۇنىڭغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئۈچۈن ئاللاھدىن ياردەم تەلەپ قىلسىلا بولمامدۇ؟ ئاللاھقا دۇئا قىلسىلىچۇ؟ ـ دېگەن ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى: سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر ئىچىدە يەرگە ئورەك كولىنىپ تاشلانغاندىن كېيىن ھەرە بىلەن ئىككىگە بۆلۈنگەن كىشىلەر بولغان، ئەمما بۇ ئىشلار ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرالمىغان. سۆڭەك، پەيلىرى قالغانغا قەدەر گۆشلىرى تۆمۈر تارغاق بىلەن تارالغان، ئەمما بۇ ئازابلار ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرالمىغان. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ بۇ دىن ئىشىنى شۇنداق مۇكەممەللەشتۈرىدۇكى، ھەتتا بىر يولۇچى ئاللاھتىن ياكى بۆرىنىڭ قويلىرىغا چېقىلىشىدىن باشقا قورقۇنچىسى بولمىغان ھالدا يالغۇز سەنئادىن ھەزرەمەۋتكە بارالايدىغان بولىدۇ»[1].

ئاللاھ مۇسىبەت يەتكەن مۇسۇلمانلارغا مەدەت بېرىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلارمۇ يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) ئاللاھ نىڭ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ»[2] .

دېمەك، بۇ دۇنيادىكى ئىشلار دائىم بىر خىل تۇرمايدۇ، يۆتكىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئالدىمىزدا شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، ئۇ كۈندە مۇسۇلمانلار ئەزىز بولىدۇ، ئۇلار پۇت ـ قوللىرىنى كىشەنلىۋالغان پۈتۈن زەنجىرلەرنى كېسىپ تاشلايدۇ، ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ كۈنلەر ئۇزاق ئەمەس، ئەمما سەۋرسىز كىشىلەرگە بەك ئۇزۇن، ھەتتا ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىز پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل ئۈستىدە چىڭ تۇرساقلا، ئېغىر كۈنلەردىمۇ قولىمىزدىن كەلگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرساق، ئۈمىدسىزلەنمەستىن، چۈشكۈنلەشمەستىن دائىم تىرىشساق ئاللاھنىڭ ياردىمى يېقىندۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

[1] سەھىھۇل بۇخارى، 3612 ـ ھەدىس.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 140 ـ ئايەت.

«سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[1].

بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار تۈرلۈك زۇلۇم-زومبۇرلۇق ۋە خورلۇق پىتنىسىدىن باشقا مال دۇنيا پىتنىسى، ھوقۇق مەنسەپ پىتنىسى، ئاياللار پىتنىسى، مىسلى كۆرۈلمىگەن شەھۋەت پىتنىسى، دەججال پىتنىسى، بالا-چاقىلار سىنىقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پىتنە ۋە ئىمتىھانلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا قانداق قىلىمىز؟ قانداق قىلغاندا ئىمان ۋە ئېتىقادىمىزدا تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرالايمىز؟

تۆۋەندە چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەق دىنىدىن گۇمانلىنىۋاتقان، يولىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا باشقا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ شۇنداق ئەھۋالغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئامىللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

## 1. قۇرئان كەرىمگە يۈزلىنىش

قۇرئان كەرىمگە يۈزلىنىش مۇسۇلماننى دىنىدا مۇستەھكەم قىلىدىغان ئامىللارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى، نۇرلۇق چىرىغىدۇر. ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلغان ئىنسانلار زالالەت باياۋانلىرىدا ئېزىپ كەتمەي ھەق يولغا ئۇلىشالايدۇ. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئىككى دۇنيادا سائادەتمەن كىشىلەردىن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقىي بولمايدۇ»[2].

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار يولۇققان پىتنىلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ، قەلبلىرىدە راھەت ھېس قىلىدۇ، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنى توغرا ئەقىدە، توغرا تەسەۋۋۇر ۋە قىممەت قاراشلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى چىڭ تۇتمىغان ۋە ياخشى ئەمەل قىلىشقا ئادىتى قارىغان، ھورۇنلۇق قىلغان كىشىدىن پىتنە-پاسات ۋە ئىمان سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەندە دىنىدا

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 214-ئايەت.
[2] تاھا سۈرىسى، 123-ئايەت.

مۇستەھكەم تۇرۇشنى كۆتمەك تەسكە توختايدۇ. ئەكسىچە، ياخشى ئەمەللەرنى قولدىن بەرمەيدىغان، شەرىئەتكە چىڭ ئېسىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىمان ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە تەۋرەنمەي تۇرۇشى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مۇقەررەردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ»[1].

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى)».[2]

## 2. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر، جۈملىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەلىرىنى ئوقۇش ۋە ئىبرەت ئېلىش مەقسىتى بىلەن ئۆگىنىش

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەلىرى ئىلىم-ھېكمەت، پايدىلىق ئىبرەتلەرگە تولغان بولۇپ، ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ قىسسەلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش ئارقىلىق ھەق يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئۇلارنى ھاياتلىق ئىشلىرىدا ئۈزلىرىگە ئۈلگە قىلىشى ۋە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشتا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن نازىل قىلغان. پەيغەمبەرلەر قىسسەلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن مۇزاكىرە قىلغاندا چوقۇم كۆتۈلمىگەن ياخشى نەتىجىلەر قولغا كېلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز. بۇ قىسسەلەر ھەقىقەتنى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»[3].

## 3. دۇئا قىلىش

دۇئا مۇئمىنلەرنىڭ قورالى بولۇپ، مۇئمىنلەر ھەر قانداق ئەھۋالدا، جۈملىدىن ئېغىر كۈنلەردە ماددىي سەۋەبلەرگىلا تايىنىۋالماستىن دۇئادىن ئىبارەت كۈچلۈك مەنىۋى قورالغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ئىماننىڭ كۈچلۈكلىكىدە تەڭدىشى بولمىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ھەمىشە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ: «ئەي قەلبلەرنى يۆتكەپ تۇرغۇچى ئاللاھ! قەلبىمنى دىنىڭ ئۈستىدە ساباتلىق قىلغىن!»[4] دەپ يالۋۇراتتى.

[1] ئىبراھىم سۈرىسى، 27- ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى، 66- ئايەت.
[3] ھۇد سۈرىسى، 120- ئايەت.
[4] تىرمىزىي، 2140- ھەدىس.

### 4 . ئاللاھنى ئەسلەش

تۆرلۈك زىكرلەر بىلەن ئاللاھنى ئەسلەش مۇسۇلماننى ھەر خىل پىتنە ـ پاساتلاردىن ساقلاپ قالىدىغان مۇستەھكەم قورغانلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[1].

### 5 . توغرا يولدا مېڭىشقا ھېرىسمەن بولۇش

مۇسۇلمان كىشى ئەقىدە ـ ئېتىقادنى ئەڭ توغرا مەنبەدىن، ئەڭ ئىشەنچلىك ھەقىقەتپەرۋەر ئالىملارنىڭ ياردىمى بىلەن قوبۇل قىلىشى، بۇ يولنى ياخشى كۆرۈشى ۋە داۋاملىق ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك. توغرا ئىمان چۈشەنچىسى مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئادەتتە يولدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. «رۇم ئىمپېراتورى ھىرەقلى ئەبۇ سۇفياندىن: مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرگەنلەردىن ئۇنىڭ دىنىدىن نەپرەتلىنىپ چىقىپ كەتكەنلەر بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئەبۇ سۇفيان: ياق، ئۇنداق ئىش يوق، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. ھىرەقلى: ئىمان قەلبلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەندە ئەنە شۇنداق بولىدۇ، ـ دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىدى»[2].

### 6 . ياخشى ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە

مۇسۇلمانلارغا كۈچلۈك ئىمانىي تەربىيە ئىشلەش ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە روھ، ھەرىكىتىگە جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھتىن ئۈمىد ئۈزمەيدىغان ھەمدە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان بولىدۇ. مەيلى باي ـ باياشاتلىقتا ئېرىشكەن نېمەت، پاراۋانلىق ئىمتىھانلىرىدا بولسۇن ياكى ئېغىر كۈنلەردىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەردە بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئۆز ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم ۋە ساباتلىق تۇرالايدۇ. چوڭقۇر ئىمانىي تەربىيە ئالغان ھەزرىتى بىلال، مۇسئەب، ياسىر ئائىلىسى قاتارلىق ساھابىلەرگە قاراپ بېقىڭ! ئۇلار قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا ئېغىر، دەھشەتلىك سىناقلار ئىچىدە ئىماننى ساقلاپ قالالىدى؟

ئەبۇ تالىب جىلغىسىدا ئۈچ يىل مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئېمبارگو يۈرگۈزۈلگەن، يېمەك ـ ئىچمەكتە قىينىلىپ، ھەتتا دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىنى چايناشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئىمان ئېتىقادىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ساھابىلەر ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ئىمان تەربىيەسى ئالغانلاردىن ئىدى.

[1] ئەنفال سۈرىسى، 45 ـ ئايەت.
[2] سەھىھۇل بۇخارىي، 7 ـ ھەدىس.

## 7. ئۆزى ئەگەشكەن يولغا ئىشەنچ قىلىش

ئىنسان ئۆزى ماڭغان يولنىڭ توغرىلىقىغا قانائەت قىلغاندا ئەلۋەتتە ئۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى ئىسلامنى چۈشىنىشتە ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان مەلۇماتلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى مەخسۇس دىنىي تەلىم - تەربىيە ئېلىشى، چوڭقۇر دەلىل-پاكىتلار ئارقىلىق ئۆز ئىمان-ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىشى بەكمۇ زۆرۈر. ئىسلام يولى قانداقتۇر يېڭىدىن پەيدا بولۇپ قالغان، ئىنسانلار ئىجاد قىلىۋالغان ئازغۇن يول بولماستىن، بەلكى تارىخى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشقان، ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ تاللىغان كىشىلىرىدىن پەيغەمبەرلەر، ئۆلىمالار، شېھىتلەر ۋە سالىھلار ماڭغان يولدۇر. بۇنداق يولنىڭ خاتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلار)، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!»[1].

## 8. ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىش

ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىش پەيغەمبەرلەر تۇتۇپ ماڭغان شەرەپلىك يول بولۇپ، بۇ يولدا ئەڭ سائادەتلىك كىشىلەر ماڭىدۇ. چۈنكى بۇ يولنىڭ پايدىسى شەخس، ئائىلە ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن ھالقىپ، پۈتۈن جەمئىيەتكە تۇتىشىدۇ. ھەتتا ئاللاھ ئۇنىڭ دەۋىتىگە بەرىكەت ئاتا قىلسا، پۈتۈن دۇنياغا يېتىپ بارىدۇ ۋە تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنى ھەق يولغا چاقىرىش ئۈچۈن ئاتالانغاندا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئالدى بىلەن ئۆزى قانائەت قىلىشى ۋە مۇستەھكەم ئىشىنىشى كېرەك بولىدۇ. بۇ خىل تۈيغۇ بارا-بارا مۇسۇلماننى ئۆز ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»[2].

## 1. ئۆلىمالارنىڭ سۆھبىتىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق

ھەقىقەتەن ئۆلىمالار نۇرلۇق مایاكقا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئىنسان قەلبىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىرىنى يورۇتىدۇ. شەك-شۈبھە تۇمانلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتلىشىش ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ

[1] نىسا سۈرىسى، 69-ئايەت.
[2] فۇسسىلەت سۈرىسى، 33-ئايەت.

بىرىدۇر.

ئەلىي ئىبنى مەدىنىي مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر دىندىن چىقىشقا باشلىغان مەزگىللەردە ئاللاھ ئىسلام دىنىنى ئەبۇ بەكرى بىلەن، مىھنەت كۈنلىرىدە بولسا ئىمام ئەھمەد بىلەن ئەزىز قىلغان ئىدى.

ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي ئۇستازى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىدىدە مۇستەھكەم تۇرۇشتىكى رولى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەنسىز كۈنلەردە، شەك ـ شۈبھىلەر قاپلىۋالغاندا، زېمىن بىزگە تار كەلگەندە ئۇستازنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىپ كېتەتتى، قەلبىمىز يورۇپ ئۆزىمىزنى كۈچلۈك ھېس قىلاتتۇق»[1].

دېمەك، ئىمان ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىنى ئويلىغان كىشى ئۆلىمالاردىن ئايرىلىپ قالماسلىقى ۋە يالغۇزلۇقتىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

## 2. ياخشى دوست

ياخشى دوستنىڭ ئىنساننىڭ ئەقىدىسىگە بولغان تەسىرىنى ھەر قانداق بىر ئاملدىن تۆۋەن دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان دوستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. «كىشى دوستىغا قاراپ باھالىنىدۇ» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلغان ئەمەس. ئىنساننى بەزىدە چۈشكۈنلۈك، غەپلەت بېسىۋالغاندا ياكى شەك ـ شۈبھە تۇمانلىرى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغاندا ياخشى دوستنىڭ رولى نامايان بولىدۇ. ئەكسىچە يامان دوستىڭىز بولۇپ قالسا، ئۇ سىزنى ھەق يولدىن يىراقلاشتۇرۇپ، بارا ـ بارا ئازغۇنلۇق باياۋانلىرىغا سۆرەپ ئاپىرىدۇ. ئەبۇ تالىبنى ئاخىرقى تىنىقلىرىدا بولسىمۇ شاھادەت كەلىمىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئىمان ئېيتىشتىن توسۇپ قالغان كىشى دەل ئۇنىڭ يامان دوستى، بەلكى مۇشرىك دوستى ئەبۇ جەھل ئەمەسمىدى؟

## 3. ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىگە ھەمدە ئىسلامنىڭ كەلگۈسىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش

بەزىدە چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر، ئۆزۈن داۋاملاشقان ئەلەملىك كۈنلەر ئىنسان روھىنى چارچىتىپ، ئەقىدىسىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا ئەينى دەۋردىكى قىين ـ قىستاققا يولۇققان ساھابىلەرمۇ دۇچ كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن ئۈمىد بېغىشلايتتى، ھەر دائىم تەسەللىي بېرەتتى، جەننەت بىلەن بىشارەت بېرەتتى.

## 4. ئازغۇنلۇق يوللىرىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئالدىنىپ كەتمەسلىك

[1] الوابل الصيب (تۆكۈلگەن يامغۇر) 97 ـ بەت.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارنىڭ (پۇل ـ مال، ئابرۇي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن» [1].

ئازغۇنلۇق يوللىرىنىڭ ماھىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش مۇسۇلماننى بىلىپ ـ بىلمەي تۇيۇق يوللارغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامغا پىكرىي ۋە ئەقىدىۋى جەھەتتىن قايسى نۇقتىلاردىن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، قانداق پىتنە تاشلايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ يېتىدۇ ۋە ئالدىنىپ كەتمەيدۇ.

## 5. سەۋرچان بولۇش

بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھېچكىم سەۋرىدىنمۇ ياخشىراق بىر نېمەت بېرىلمىگەن» [2]. يەنى سەۋر ئىنسان بالىسىغا بېرىلگەن ئەڭ بۈيۈك نېمەتلەردىن بولۇپ، سەۋر ئارقىلىق مۇسۇلمان بىر تەرەپتىن ئاللاھنىڭ ئەجىر ـ مۇكاپاتىغا ئېرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسىبەت ۋە ئازابنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىدۇ، ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ، سەۋر جەريانىدا يەنە پىشقان ئەقىل ئىشلەپچىقرالايدۇ. «ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» [3].

## 6. تەقۋادار، دانىشمەن كىشىنىڭ نەسىھىتى

ھەر ئىنساننىڭ ئەتراپىدا ياكى ياشىغان يۇرت ـ شەھەرلەردە ئىلىم ۋە تەجرىبىدە پىشقان، كۆپنى كۆرگەن، ئەقىل پاراسەتلىك دانىشمەنلەر بولىدۇ. ئىنسان بەزى شۈبھە ۋە مۇشكىلاتلارغا يولۇققاندا شۇلاردىن مەسلىھەت سورىسا ناھايىتى كۆپ پايدىسى بولىدۇ.

## 7. جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدە ئويلىنىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە بايان قىلغانىدەك جەننەتتە ئىنسان بالىسى ئويلاپمۇ باقمىغان، ئاڭلىمىغان، كۆزى كۆرۈپ باقمىغان نېمەتلەر بار بولۇپ، بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم تەپسىلاتلار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. دوزاخ كاپىرلارنىڭ ئازابلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان جاي بولۇپ، ئۇ كاپىرلارنى ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە ئاز بولمىغان بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. نەتىجىدە ئازغۇن يوللار ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن توختايدۇ ھەمدە پىتنە ـ پاسالارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىمانىنى ساغلام قوغداپ قالالايدۇ.

---

[1] ئال ئىمران، 196 ـ ئايەت.
[2] سەھىھۇل بۇخارى، 1469 ـ ھەدىس.
[3] بەقەرە سۈرىسى، 153 ـ ئايەت.

## 8. ئۆلۈمنى ئەسلەش

ئۆلۈم بۇ دۇنيادىكى بارلىق نېمەتلەرگە، راھەت ـ پاراغەتلەرگە خاتىمە بەرگۈچى بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇنيا لەززەتلىرىنى كېسىپ تاشلىغۇچى(ئۆلۈم)نى كۆپ ئەسلەڭلار»[1].

ھەر قانداق كىشى گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىشنى ياكى ئىمانغا خىيانەت قىلىشنى ئويلىسىمۇ، ئۆلۈم ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ باقسا قەلبى تىترەيدۇ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن يانىدۇ. ئۆلۈم ئىنساننى ئەبەدىي بەخت ـ سائادەتكە ياكى مەڭگۈلۈك ئازاب ـ ئۇقۇبەتكە يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇتلەق يېتىپ كېلىدىغان ھەقىقەت بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگەن»[2].

### خاتىمە

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە مۇسۇلمانلارنى ئىماندىن ھەقىقەتلىرىدىن، توغرا يوللاردىن قايتۇرۇۋېتىشقا ئۇرۇنىدىغان پىتنىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇلارغا قارىتا ھەر ۋاقىت سەزگۈر تۇرۇشى لازىم. مەزكۇر دىنىمىزدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋاسىتىلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسكە تايانغان ۋە ئىسلام روھىغا ئۇيغۇن بولغان شۇنداقلا زامان ياكى ماكان ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن رولىنى يوقىتىپ قويمايدىغان قىممەتلىك ۋاسىتىلار بولۇپ، دەۋرىمىزدىكى تۈرلۈك پىتنە ـ پاسات، ئازغۇن پىكىر، گۇناھ ـ مەئسىيەت، نەپسى ـ شەھۋەت، شۈبھە ۋە ۋەسۋەسە قاتارلىق ۋىرۇسلار بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغان ھەر قانداق كىشى بۇلارنى سەممىيلىك بىلەن قوللانغان ھامانلا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە بۇلارغا ئەمەل قىلمىغان كىشىلەر بولسا، ئىككى دۇنيادا خار ـ زەبۇن بولىدۇ. «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟ دەيدۇ»[3].

### پايدىلانغان مەنبەرلەر:

قۇرئان كەرىم
سەھىھۇل بۇخارىي
تىرمىزىي
الوابل الصيب (تۆكۈلگەن يامغۇر)
وسائل الثبات على دين الله (ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋاسىتىلىرى) لمحمد صالح المنجد

[1] تىرمىزى، 2307 ـ ھەدىس.
[2] جۇمە سۈرىسى، 8 ـ ئايەت.
[3] تاھا سۈرىسى، 124 ـ 125 ـ ئايەتلەر.

# ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئەملى



دوكتور ئەلى سەللابى

ئۇلۇغ ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك ۋە رەببانىي ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن شەرەپلەندۈردى. شۇڭا ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئىشىنى ئۇنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئەلچىلىك دەۋىتىنى تەلىم بېرىش بىلەن باشلىدى ۋە ئۇنى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزدى. ئۇ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى (يەنى قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى)، ئاللاھقا قانداق قۇلچىلىق (ئىبادەت) قىلىش ۋە قانداق ئىخلاس قىلىشنى ئۆگەتتى ھەمدە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يەر يۈزىدە بەرپا قىلىش، مەخلۇقاتلار ئىچىدە ۋە يەر يۈزىدە ئادالەتنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشتى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتا ئىشەنچلىك، ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈشتە سەممىي ئىدى. ئۇ ئەۋلادلىرىغا راستچىللىق، ئىخلاس، ئامانەت ۋە ئادالەت قاتارلىق ئاساسىي ئەخلاقلارنى سىڭدۈردى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشنى ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھېرىسمەن ئىدى. ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئەڭ ئالىي قىممەت قاراش بولۇپ، ئىنساننى يۈكسەك ماقامغا كۆتۈرىدۇ، مەرتىۋىسىنى باشقا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. ئۇ ئومۇمىي ئالىي قىممەت قاراشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ؛ مۇھىملىرى ئادالەت (يەنى ئادالەتنى بەرپا قىلىش)، ئېھسان (يەنى تائەت - ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلىش) ۋە ھېكمەت (يەنى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىش)تۇر. ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش قىممەت قارىشى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالىي قىممەت قاراشلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر ئىنسانىيەتنى ئەنە شۇ ئالىي قىممەت قاراشقا چاقىرغان.

ئــادەم ئەلەيھىســسالامدىن باشــلاپ بارلــىق پەيغەمبەرلــەر ۋە ئەلچىلــەر: ئاللاھقــا قۇلچىلــىق قىلىــش ھاياتىنــىڭ ھەممــە تەرەپلىرىنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالــىدۇ، ھېــچ نەرســە ئاللاھنىــڭ ئۇششــبۇ قانۇنىدىــن ســىرتتا قالمايــدۇ، ئۇنــىڭ ئومۇمىــي ئۇقۇمىدىــن چەتنــەپ بۆلۈنــۈپ كەتمەيــدۇ، ـ دەپ قارايــدۇ.

شــۇنى تەكىتلــەش كېرەككــى، قۇلچىلــىق قىلىــش ئومۇمىــي ۋە خۇسۇســىيدىن ئىبــارەت مۇنــداق ئىككــى تۈرلــۈك بولىــدۇ:

ئومۇمىــي قۇلچىلــىق: بــۇ، ئاســمانلار ۋە زېمىــن ئەھلىنــىڭ ھەممىســىنىڭ، ياخشــىلىرىنىڭمۇ، گۇناھكارلىرىنىڭمــۇ، مۇئمىنلىرىنىڭمــۇ، كاپىرلىرىنىڭمــۇ ئاللاھقــا قۇلچىلــىق قىلىدىغانلىقىنــى كۆرســىتىدۇ. چۈنكــى ئىنســانلارنىڭ ھەممىســى، بەلكــى شــەيئىلەرنىڭ ھەممىســى ئاللاھنىــڭ قۇللىــرى (بەندىلىــرى)دۇر. ئــۇ خــۇددى ئىبنــى قەييــۇم (رەھىمەھۇللاھ)نىــڭ: «باشــقۇرغۇچىغا ۋە ھۆكۈمرانغــا قۇلچىلــىق قىلىــش» دەپ ئاتىغىنىــدەك، بارلــىق مەخلۇقاتلارنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالغــان مەجبۇرىــي قۇلچىلىقتــۇر. ئاللــاھ بــۇ ھەقتــە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئاســمانلاردا ۋە زېمىنــدا رەھمــان ئاللاھقــا بەنــدە بولــۇپ بويســۇنمايدىغان ھېــچ مەخلــۇق يوقتــۇر»[1]. مانــا بــۇ ئايــەت مۇئمىــن ۋە كاپىرنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالــىدۇ.

شۈبھىســىزكى، ئــادەم ئەلەيھىســسالام ئالىيجانــاب پەيغەمبــەر، كاتتــا مەرىپــەت ۋە مــول ئىلىــم ســاھىبىدۇر. ئاللــاھ بــۇ ھەقتــە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئاللــاھ بارلــىق شــەيئىلەرنىڭ ئىســىملىرىنى ئادەمگــە ئۆگەتتــى»[2]. ئــادەم ئەلەيھىســسالام ئەۋلادلىرىغــا ئاللاھنىــڭ ئۇلــۇغ ياراتقۇچــى ئىكەنلىكــى، ئۇنىڭغــا ئىختىيارىــي ۋە ئىختىيارســىز ھالــدا قۇلچىلــىق قىلىدىغــان تۈرلــۈك ـ تۈرلــۈك مەخلۇقاتلىرىنــىڭ بارلىقــى، ئىنســاننىڭ بــۇ مەخلۇقاتــلار ئىچىدىكــى ئورنــى، ئۇنــىڭ ئــۇلار بىلــەن بولغــان مۇناســىۋىتى، قۇلچىلىقنــى يەقــەت يېگانــە ئاللاھقــالا قىلىشــنىڭ مۇھىملىقــى ھەققىــدە ســۆزلەپ بــەردى.

خۇسۇســىي قۇلچىلــىق: بــۇ، ئــادەم ئەلەيھىســسالام بىلــەن ھــاۋا ئانىمىــز ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئــادا قىلغــان قۇلچىلــىق بولــۇپ، ئــۇلار ئەۋلادلىــرى ئىچىــدە ئاتىدىــن بالىغــا ئىزچىــل داۋام قىلىدىغــان تائــەت ـ ئىبــادەت، مېھــرى ـ شــەپقەت ۋە بۇيرۇقلارغــا ئىتائــەت قىلىــش قۇلچىلىقنــى ئۆزلەشتۈرۈشــكە قاتتىــق تىرىشــقان ئىــدى. ئــۇ بۇيرۇقلارنــىڭ بىــر قىســمى تۆۋەندىكىچــە:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «رەببىڭلارغا ئىبادەت (قۇلچىلىق) قىلىڭلار»[3].

ئاللــاھ تائــالا يەنــە مۇنــداق دەيــدۇ: «شەكســىزكى، مېنــىڭ بەندىلىرىــم ئۈســتىدە ســېنىڭ

[1] سۈرە مەريەم، 93 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 31 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 21 ـ ئايەت.

(شەيتان ئىبلىسنىڭ) ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق»[1].

بارلىق مەخلۇقات پەرۋىش جەھەتتىن رەببىنىڭ قۇللىرىدۇر، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا بويسۇنغۇچىدۇر، بۇ جەھەتتىن ئۇلار ئاللاھ (مەبۇد)نىڭ قۇللىرىدۇر. كائىنات مانا مۇشۇ قانۇنىيەت ئۈستىدە ئايلىنىدۇ.

ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش بارلىق قىممەت قاراشلارنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇ باشقا قىممەت قاراشلارغا، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال، ئەتراپلىق قىممەت قاراشتۇر. چۈنكى ئۇ قىممەت قاراش ئاللاھقا رەببىمىز، قانۇن بېكىتكۈچى ئىلاھىمىز دەپ ئىشىنىش بىلەن ھەمدە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان بارلىق ئەلچىلىرىگە ئىشىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغان قانۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرگە، ئىنساننىڭ ئىنسانىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن كۆزلەنگەن مەقسەتنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەپسىلي ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىممەت قاراشتۇر. ئۇ قىممەت قاراش شەرئى قانۇنغا ئەمەل قىلىش بىلەن رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ ئالىي قىممەت قاراشنىڭ مۇھىملىقىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا خۇلاسىلەش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئۇ قىممەت قاراش ئىنسانلارنىڭ بۇ كائىناتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ مەخلۇقاتلارنى ئۇنىڭ تۈپەيلى ياراتقان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم»[2]. ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن مەقسەت ھېچ شېرىكى يوق يېگانە ئاللاھقا قۇلچىلىق (ئىبادەت) قىلىش، روھىي ۋە جىسمانىي ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى بىر دەپ بىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنى مۇكەممەل رەۋىشتە سۆيۈش، ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇش ۋە يالۋۇرۇش، قەلبنى يېگانە مەبۇدتىن باشقا بارلىق نەرسىلەردىن تازىلاشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، ئۇ قىممەت قاراش ئىنساندىكى يارىتىلىشتىنلا بار بولغان تەبىئىي تۈيغۇ بولۇپ، ئۇنى ساماۋى ھىدايەت ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ چاقىرىقى يېتەكلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇ قىممەت قاراش شۇنداق ئالىي بىر مەقسەتنى نىشان قىلغانكى، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بارلىق ئەلچىلىرىنى ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن ئەۋەتكەن. خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگىنىدەك: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار،

[1] سۈرە ھىجر، 42 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زارىيات، 56 ـ ئايەت.

سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر»[1].

شۇنداقلا ھۇد، سالىھ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملار ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆز قەۋملىرىگە ئەنە شۇ چاقرىق بىلەن نىدا قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەققەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ساختا ئىلاھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار، ـ دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق»[2].

تۆتىنچى، ئىنسانىيەت تارىخى تۇنجى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى باشلانغان كۈندىن تارتىپلا بۇ ئۇلۇغ قىممەت قاراش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھاۋا ئانىمىز ئۇنى ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشقان ئىدى. ئۇلارمۇ ئۇلۇغ ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغان، ئۇنىڭدىن قاتتىق قورققان ۋە قەلبلىرى ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاشۇ يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن جەمئىيەتتە ئۇلۇغ ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ بىلىشنى (يەنى تەۋھىد ئاساسىغا تونۇشنى)، قۇلچىلىقنى (ئىبادەتنى) يىگانە ئاللاھقىلا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى.

ئۇلار ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ھەمىدە بۇنى كېيىنكى ئەۋلادلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئىچىدە يېيىشقا ھېرىس ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە گەپ ـ سۆز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللەر بولۇپ، ناماز ئۆتەش، ھەج قىلىش، راست سۆزلەش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ئېھسان (ياخشىلىق) قىلىش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش ۋە شۇنىڭدەك ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش، دىننى ئاللاھقا خاس قىلىش، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالەتلەردە ئۇنىڭدىن قورقۇش، ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، بالا ـ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش، قازائى ـ قەدەرگە رازى بولۇش، بارلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭغىلا يۆلىنىش، ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئۈمىد باغلاش، ئازابىدىن قورقۇش ۋە شۇنىڭدەك ئىبادەتلەرنى ئۇلۇغ ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش قاتارلىقلار بار. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى لايىقىدا ئورۇندىدى، ھاۋا ئانىمىز ئۇنى تەستىقلىدى، بۇ، تەۋھىد ۋە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان دەسلەپكى ئائىلىلەردىكى تۇنجى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزىدا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. مانا بۇ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەسلىي كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ باشلىنىشىدۇر. دېمەك، ئىنسانىيەت تەۋھىد بىلەن، قۇلچىلىقنى يىگانە ئاللاھقىلا قىلىش بىلەن باشلانغان. ئاندىن بارا ـ بارا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە كۆپ ئىلاھلىق يۈز بەردى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۇنجى شېرىك نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدە بولدى. بۇنى: «نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە بۈيۈك توپان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلۇشىدۇر» ناملىق كىتابىمىزدا تەپسىلىي بايان قىلدىم.

[1] سۈرە ئەئراف، 59 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل، 36 ـ ئايەت.

قانــداق بولۇشــىدىن قەتئىيــنەزەر، ئىنســانىيەت ئــۆز ئېتىقادىدىــن چەتنــەپ كەتكەنــدە، ئاللاھ تائــالا نــۇھ ئەلەيھىسســالامنى توغــرا ئەقىــدە، ياخشــى ئەخــلاق ۋە ئادالەتلىــك قانــۇن بىلــەن بېشــارەت بەرگۈچــى پەيغەمبــەر قىلىــپ ئەۋەتتــى.

● ئــادەم ئەلەيھىسســالام بىلــەن ھــاۋا ئانىمىــز ئاللاھ تائــالا تەرىپىدىــن تەلــەپ قىلىنغــان قۇلچىلىــق قىلىشــنىڭ: «ئاللاھ ئۈچــۈن ياخشــى كــۆرۈش ۋە ئاللاھ ئۈچــۈن يامان كۆرۈش»تىــن ئىبــارەت ئىككــى ئامىلىنىــڭ مەقســىتىنى ئەمەلگــە ئاشــۇردى. يەنــى، بــۇ ئۇلارنىــڭ ئاپتوماتىــك ھالــدا پەزىلەتلىــك ئىشــلار بىلــەن زىننەتلىنىشــى ۋە ناچــار ئىللەتلەردىن ۋاز كېچىشــى دېمەكتــۇر. چۈنكــى ئاللاھ تائالاغــا قۇلچىلىــق قىلىشــنى ئەمەلگــە ئاشــۇرۇش بەندىنىــڭ ئەخلاقــي جەھەتتىــن يۈكسىلىشــىگە زور تەســىر كۆرســىتىدۇ. ئاللاھ تائــالا بــۇ ھەقتــە مۇنــداق دەيــدۇ: «شەكســىزكى، (مۇكەممــەل ئــادا قىلىنغــان) ناماز قەبىھ ئىشــلاردىن ۋە گۇناھلاردىــن توســىدۇ»[1].

شــۇنداقلا، ئىنســاننىڭ ئەخلاقتىــن تېيىــپ كېتىشــى ئۇنىــڭ قۇلچىلىــق قىلىشــىدا نۇقســان، ئىمانىــدا ئاجىزلىــق بارلىقىنــى، ئاللاھتىــن باشــقا يەنــە پــۇل ـ مــال، يــۈز ـ ئابــرۇي، ھوقــۇق، ھاۋايــى ـ ھــەۋەس دېگەنــدەك ياخشــى كۆرىدىغــان نەرســىلەرگە قىســمەن ياكــى تولــۇق باغلانغانلىقىنــى كۆرســىتىدۇ. ئاندىــن ئاشــۇ ئارزۇســىنى ئەمەلگــە ئاشــۇرۇش ۋە نەپســىنى قانــدۇرۇش ئۈچــۈن، قۇلچىلىــق قىلىشــتىن ئىبــارەت ئالىــي قىممــەت قاراشتىن كېلىــپ چىققــان ئەخلاقــي پەزىلەتكــە مۇۋاپىــق ۋە مــاس كەلمەيدىغــان ئىشــلارنى قىلىــدۇ.

● ئــادەم ئەلەيھىسســالام ۋە ھــاۋا ئانىمىــز ئىبلىســنىڭ ۋەسۋەســىلىرىدىن ئــازاد بولــدى، ئۇنىــڭ ھىيلــە ـ مىكىرلىرىنــى يەڭــدى ۋە ئىنســانىي ئەركىنلىكنــى كامالىغــا يەتكۈزدىكــى، بــۇ ئەركىنلىــك ئىنســان تەبىئىتىگــە مــاس كېلىــدۇ، ئەقلىنــى قانائەتلەندۈرىــدۇ ۋە ئىنســانلارنىڭ ۋىجدانىنــى ئۇرغۇتىــدۇ. شــۇڭا، قەلــب ئاللاھقــا بولغــان مۇھەببــەت بىلــەن توشقانســېرى ئۇنىڭغــا بولغــان قۇلچىلىــق قىلىــش تۇيغۇســى زىيادىلىشــىدۇ. ئۇنىــڭ قۇلچىلىــق قىلىــش تۇيغۇســى ئاشقانســېرى ئاللاھقــا بولغــان مۇھەببىتــى ۋە ئۇنىڭدىــن باشــقا نەرســىلەردىن ئــازاد بولۇشــى زىيادىلىشــىدۇ.

● ئاللاھ تائالاغــا قۇلچىلىــق قىلىــش ئىنســاننى باشــقا نەرســىلەرگە قۇلچىلىــق قىلىشــتىن ئــازاد قىلىــدۇ. بــۇ قۇلچىلىــق ئىنســانغا ئۇنىــڭ ھۆرمەتلىــك مەخلــۇق ئىكەنلىكىنــى ئــدراك قىلدۇرىــدۇ. بــۇ قۇلچىلىــق ئۇنىــڭ نەپســىنى پاكلايــدۇ، ئۇنــى ياراتقۇچىســى بىلــەن باغلايــدۇ. نەتىجىــدە، ئــۇ ئۇنــى خارلىــق ۋە خورلــۇق ئامىللىرىنىــڭ چاڭگىلىدىــن قۇتقــۇزۇپ، يۈكســەك مەرتىۋىلەرگــە ئۆرلىتىــدۇ. شــۇنداق قىلىــپ، ئــۇ خالىــس قۇلچىلىــق قىلىشــنى ئىشــقا ئاشۇرۇشــتا زور تىرىشــچانلىقلارنى كۆرسەتكەنســېرى، ئۇنىــڭ روھىــي دۇنياســى شــۇنچە يۇقىــرى ئۆرلەيــدۇ ۋە يۈكســىلىدۇ، ئــىززەت ـ ھۆرمىتــى ئاشــىدۇ ۋە بۇنىڭغــا ئەگىشــىپ مەرتىۋىســى تېخىمــۇ ئالىيلىشــىدۇ.

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەت.

• بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەگەر ئىنسان ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش قىممەت قارىشى دائىرىسى ئىچىدە تىرىشسا، ئەستايىدىللىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئىزدەنسە، ئەلۋەتتە ئېرىشەلەيدۇ. ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت پەقەت ماددىي ۋە جىسمانىي لەززەتتىنلا ئىبارەت ئەمەس. بەخت ـ سائادەتنىڭمۇ، بەختسىزلىكنىڭ ئۆرنى قەلبتۇر. قەلب ئاللاھ تائالاغا باغلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قەلبنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئاللاھ تائالانى سۆيۈش، رىشتىنى ئۇنىڭغا باغلاش ۋە ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ، بەندىنىڭ كامالەتكە يېتىش غايىسى ۋە بەخت ـ سائادىتىدۇر. ئىنسان ئۇنىڭسىز نە كامالەت، نە بەخت ـ سائادەتكە ئەسلا ئېرىشەلمەيدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت پەقەت مەھبۇبنى نەپسىنىڭ ياخشى كۆرگەن باشقا بارلىق نەرسىلىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى رازى قىلىش يولىدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش، ئۇنىڭدىن يىراقلىششنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىشنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىك دەپ بىلىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق ئۆتىدۇ»[1].

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىز تارتقان شۇنچە ھېرىپ ـ چارچاش، ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە قارىماي ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەر ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان، تەۋبە قىلىش ۋە ئاللاھقىلا قايتىش يولىنى ئۆگەتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم رەببىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (ۋە تەۋبە قىلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[2]. ئادەم ئەلەيھىسسالام رەببىدىن تەلىم ئالغان ئۇ بىر قانچە سۆز ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلىنىدۇ: «ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز»[3].

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىز رەببىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇدى، ئۇنى ئىخلاس ۋە سەمىمىيلىك بىلەن سۆيدى، ئۇنىڭغىلا ئۈمىد باغلىدى ۋە ئۇنىڭدىنلا قورقتى. ئۇلارنىڭ غايىسى ۋە مۇراد ـ مەقسىتى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىدى. ئۇلار تەۋھىد (ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ بىلىش)نىڭ ۋە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇشى ئەنە شۇ ئەمەللىرىنىڭ مېۋىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئاللاھ ياخشىلىق ئىرادە قىلغان كىشىلەر ئەنە شۇ يول، ئەنە شۇ ئەقىدە ئۈستىدە ئىزچىل ماڭىدۇ، لەنىتى ئىبلىسنىڭ چاقىرىقلىرىغا ھەرگىز چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

---

[1] سۈرە تاھا، 124 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 37 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف، 23 ـ ئايەت.



# «قۇرئانچىلار»غا قۇرئان كەرىم نېمە دەيدۇ؟

سىراجىدىن ئەزىزى

ئۆزىنى «قۇرئانچىلار» دەپ ئاتىۋالغان، سۈننەت ئىنكارچىلىرى كۈنىمىزدە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان پىرقە ئەمەس، بەلكى ئۇ، بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىمۇ كۆرۈلگەن بىر ئۇچۇم ئازغۇن بىدئەتچىلەردۇر. بىز قۇرئان بىلەن كۇپايىلىنىمىز، ھەدىسكە ئىشەنمەيمىز ياكى قۇرئانغا زىت بولغان ھەدىس، ھەدىس ئەمەس، دېگەندەك ئاڭلىماققا توغرىدەك، ئەمەلىيەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا تامامەن زىت پىكىرلەر ھەرزامان ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بۇ بىدئەت بىر قەدەر يېڭى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەسلىدە، سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ غەرەزلىك ۋە بۇزۇق مەقسەتلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىغا، ئىسلامدىكى ئىبادەتلەرنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىغا شەك كەلتۈرۈش ۋە مۆجىزە ئىكەنلىكىگە داغ تەككۈزۈشتىن ئىبارەت يامان غەرەزلەر يوشۇرۇلغاندۇر.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي ئارقىلىق نازىل بولغان بولسا، ھەدىسلەرمۇ ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرى، قىلغان ئىش-ئىزلىرى، بۇيرىغان ئەمىر-پەرمانلىرى بولۇپ، ۋەھيىنىڭ روھى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قۇرئان كەرىمدە كەلگەن كۆپلىگەن ئەھكاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئۇسۇلى، ھەدەس ئارقىلىق بايان قىلىنغان. چۈنكى سۈننەت، يەنى ھەدىس قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي تەپسىرى ۋە پرىكتىكا نىزامنامىسىدۇر.

ھەدىسشۇناس فۇقاھلىرىمىز ھەر ۋاقىت سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ بۇ يامان

غەرەزلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلىقلىرىدىن خەلقنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شەرقشۇناس ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىنكارچىلارنىڭ بۇ خىل ئازغۇن پىكرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلامغا قارشى سۇيقەستلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

سۈننەت ئىنكارچىلىرى، «بىزگە قۇرئان كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن، قارىماققا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئىسلامنىڭ يىلتىزىنى قازىدىغان ھەسەل يالىتىلغان شېرىن سۆزلىرى بىلەن شەرىئەتنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولغان ھەدىسنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا مىسىردا بىر ئۇچۇم ئازغۇن كىشىلەر «بىزقۇرئانچىلار» سەپسەتىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ تۈركىيەدە ئاز بىر قىسىم ئازغۇنلار ئوخشاش ئىدىيەنى كۆتۈرۈپ چىققان؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىش پەردىسى ئارقىسىدا ئۇلارنى ئۆز مۇددىئاسىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق، بىر نەچچە «قۇرئانچىلار» نى يېتىشتۈرۈپ چىققان بولدى.

قۇرئانچىلار، «بىز سۈننەتتىن قۇرئانغا ماس كەلگەننى ئالىمىز، زىت كەلگەننى رەت قىلىمىز» دەپ ئوتتۇرىغا چىققان. ھەقىقەتتە توغرا ھەدىس ئىچىدە ھېچقانداق بىر ھەدىس قۇرئاننىڭ روھىغا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سۆز سۆزلىگەندە ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَىٰ. إِنْ هُوَ إِلا وَحْيٌ يُوحَى﴾ «ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاتنىڭ پۈتۈن سۆزى ۋە ھال - ھەرىكىتى شەرىئەتتۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەت بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر سۆزىنىڭ مەنبەسى ۋەھيىدۇر. ئىنكار قىلغان كىشى ۋەھيىگە ئىنكار قىلغۇچىدۇر.

سۈننەت ئىنكارچىلىرى ھەدىسنىڭ راست - يالغانلىقىدا شەك بار دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرئان كەرىم بىز قانداق يېتىپ كېلىپ، ساقلانغان بولسا، توغرا ھەدىسلەرمۇ ئوخشاش كىشىلەر ۋە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن يېتىپ كېلىپ، ساقلانغان.

ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ سۈننەتنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىنكار قىلالمىسىمۇ، ھەرخىل باھانىلەر بىلەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشى، ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلام شەرىئىتىنى ۋە قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

ھەدىسنىڭ شەرىئەت مەنبەسى ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە كەلتۈرۈپ بولۇش ئىمكانسىز بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئايەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يا أيها الذين آمنوا أطيعوا الله وأطيعوا الرسول ولا تبطلوا أعمالكم﴾ «ئي مۇئمىنلەر ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار»[2]، ﴿من يطع الرسول فقد أطاع الله ومن تولى فما أرسلناك

[1] نەجم سۈرىسى: 4 ـ 3 ـ ئايەت.
[2] مۇھەممەد سۈرىسى: 33 ـ ئايەت.

عليهم حفيظا﴾ «پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. كىمكى يۈز ئۆرۈيدىكەن بىز سېنى ئۇلارغا ھامايىچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»[1]. ﴿وما آتاكم الرسول فخذوه ومانهاكم عنه فانتهوا، واتقوا الله إن الله شديد العقاب﴾ «پەيغەمبەر نېمىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا چىڭ تۇتۇڭلار. نېمىدىن توسقان بولسا، ئۇنىڭدىن يېنىڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر»[2].

﴿وما كان لمؤمن ولا مؤمنة إذا قضى الله ورسوله أمرا أن يكون لهم الخيرة من أمرهم ومن يعص الله ورسوله فقد ضلالا مبينا﴾ «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلغان بولسا، ھەرقانداق مۇئمىن ئەر ياكى ئايالنىڭ ئۇنىڭدا تاللاش ئىختىيارلىقى يوقتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن ئوچۇق ـ ئاشكارا ئازغۇندۇر»[3].

مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن بىزگە شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىمەن دەپ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى تاشلاش، ئەمەل ـ ئىبادەتنى بىكار قىلغانلىقتۇر.

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿لقد من الله على المؤمنين إذ بعث فيهم رسولا من أنفسهم يتلو عليهم آياته ويزكيهم ويعلمهم الكتاب والحكمة، وإن كانوا قبل لفي ضلال مبين﴾ «ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»[4]. بۇ ئايەتتىكى كەرىمەدىكى «ھېكمەت»تىن سۈننەت مەقسەت قىلىنغانلىقىغا بارلىق مۇپەسسىرلەر بىرلىككە كەلگەن. دەرھەقىقەت، شەرىئەت ئەھكاملىرى سۈننەتكە ئاساسلانماي تۇرۇپ پۈتۈنلەشمەيدۇ.

بىر ئىنساننى دىنسىزلىقتىن مۇسۇلمانلىققا ئايلاندۇرىدىغان سۆز ـ «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ» يەنى (ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ـ ئەلەيھىسسالام ـ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر) دېگەن، شاھادەت كەلىمىسىدۇر.

«بىزگە قۇرئان كۇپايە، ھەدىسكە ھاجەت يوق» دېگەن ئازغۇنلار يېقىنقى زاماندىمۇ يەنە مىسىر ۋە تۈركىيەلەردە پەيدا بولۇشقا باشلىدى، ئۇلار جەمئىيەتتە دىنىي مەلۇماتى تۆۋەن مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تۈركىيەدىكى سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى يۇقىرى، ئۆلىمالىرى سەگەك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماددىي قىزىقتۇرۇشلىرىمۇ تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

ئەسلىدە «قۇرئانچىلار»نىڭ تارىخى شىئەلەرگە تۇتىشىدۇ. چۈنكى شىئەلەر ساھابە كىراملاردىن كەلگەن ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ساھابە كىراملارنى ئىسلام ئۈممىتىدىنمۇ كۆرمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام تارىخىدا ئۇلار نۇرغۇن قېتىم مۇسۇلمانلارنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا

[1] نىسا سۈرىسى: 80 ـ ئايەت.
[2] ھەشر سۈرىسى: 7 ـ ئايەت.
[3] ئەھزاب سۈرىسى: 36 ـ ئايەت.
[4] ئال ئىمران سۈرىسى: 164 ـ ئايەت.

ھەسسە قوشقاندى.

ئۆز ۋاقتىدا ئىنگلىزلار مەقسەتلىك ھالدا بىر قىسىم شەرقشۇناس تەتقىقاتچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ: «ئىسلامنىڭ شەرىئەت مەنبەسى پەقەت قۇرئان كەرىمدۇر، ھەدىس شەرىئەت مەنبەسى بولالمايدۇ» دېگەن سەپسەتەنى كەڭ تەشۋىق قىلغانىدى.

بۇ قاراش يېقىنقى زاماندا مىسىرنىڭ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە قاھىرەدىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىلىدىن بولغان بىر قىسىم شەرقشۇناس دوكتورلار تەرىپىدىن بازارغا سېلىش ھەرىكىتى باشلانغان.

ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. بىزگە قۇرئان كۇپايە، ھەدىسكە ھاجەت يوق سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىش.

2. ھەدىسنىڭ ھەممىگە ئىنكار قىلماستىن بەزىسىگە ئىنكار قىلىپ، بەزىسىنى ھاۋايى ـ ھەۋىسى، چولتا ئەقلىگە كۆرە قوبۇل قىلىش.

3. تەدرىجى ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈش ۋە ئاخىرىدا دىنىنى تامامەن ئىنكار قىلىش.

«قۇرئانچىلار» نىڭ تارىخىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنى خاۋارىجلار، شىئەلەر، مۇئتەزىلە ۋە يېقىنقى زامان شەرقشۇناسلىرىدىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلىندۇ.


«قۇرئانچىلار» نىڭ يېقىنقى زامان پىشۋالىرىدىن بىرى بولسا، مىسىرلىق ئازغۇن ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر بولۇپ، ئۇنى راپىزىلار ۋە ئامېرىكىلىق شەرقشۇناسلار «ئىسلام مۇتەپەككۇرى» دەپ، قارايدۇ. مەنسۇر 70 ـ يىللاردىن بىرى ھەدىس ئىنكارچىلىقىغا دائىر، ئىسلامغا قارشى ماقالىلىرى، مۇھاكىمە يىغىنلىرى بىلەن تونۇلغان شەخستۇر. ئۇ يەنە ھەدىس ئۆلىمالىرىغا تىل ئۇزارتىش، ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىملارغا ھاقارەتلەرنى ياغدۇرغان شەخس. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى 1987 ـ يىلى ئەزھەردىن قوغلاپ چىقارغان.

«قۇرئانچىلار» سۈرە ئەئرافنىڭ 185 ـ ئايىتىدە «ئۇلار قۇرئاندىن كېيىن قايسى سۆزگە ئىمان ئېيتىدۇ» دېگەن ئايەتنى تۇتۇۋېلىپ، قۇرئاننىڭ سىرتىدا ھېچقانداق سۆزگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ دەپ، قارايدۇ. ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام مالىكلارنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، بىزگە قۇرئان كەرىم قانداق يېتىپ كەلگەن ۋە قانداق ساقلانغان بولسا توغرا ھەدىسلەرمۇ ئوخشاش يېتىپ كەلگەن ۋە جانابى ئاللاھ: ﴿إنا نحن نزلنا الذكر وإنا له لحافظون﴾ «ھەقىقەتەن قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى چوقۇم بىز قوغدايمىز»[1] دېگىنىدەك قۇرئان كەرىمنىڭ رۇشەن بايانى ۋە ئەمەلىي تەپسىرى بولغان سۈننەت، يەنى سەھى ھەدىسلەرمۇ يەنە جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

[1] ھىجر سۈرىسى: 9 ـ ئايەت.

# ئۈلگە ۋە ئۈلگىلىك رولنىڭ ئەھمىيىتى



مۇھەممەد يۈسۈپ

ئۈلگە —— كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل، نەمۇنە، تىپ دېمەكتۇر[1]. ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك. چۈنكى ھەربىر مۇسۇلمانغا بۇيرۇلغان «كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش»تىن ئىبارەت پەرزنى پەقەت ئۈلگىلىك رولنى جارى قىلدۇرۇش بىلەنلا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە ئادا قىلغىلى بولىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ھەرگىز سۆز بىلەنلا، ۋەز-نەسىھەت قىلىش بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[2] دەپ بۇيرۇغانلىقى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قانداقلا بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇسا، ئاۋۋال ئۇنى ئۆزى ئورۇندايتتى، ئۇلارنى قانداقلا بىر ئىشنى قىلىشتىن توسسا، ئالدى بىلەن ئۇ ئىشنى ئۆزى تەرەك ئېتەتتى. ساھابىلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى. سائادەت ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ئۆزى قىلمىغان ئىشلارغا باشقىلارنى بۇيرۇمايتتى، ھېچقانداق ئىشنى ئۆزى تەرك ئەتمەي تۇرۇپ باشقىلارنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇمايتتى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئىسلام دەۋىتىنى يايغان مۇئمىنلەر بۇ دەۋەتنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى، ئەخلاقى، مۇئامىلىسى ۋە دۇرۇسلۇقى بىلەن ياياغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن ۋە گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق قىسسىسىمۇ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ھازىرقى زاماندىكى

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1202-بەت.

[2] تاھا سۈرىسى: 132-ئايەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقىلارنىڭكىدىن تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا. چۈنكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدە ئۆلگىلىك رولنى يوقاتقان. شۇڭا ھازىر مۇسۇلمان بولغانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەن سايىسىدا ئىسلام دىنىمىز ھەقلىقىنى، قۇرئانىمىزنىڭ مۆجىزىلىرىنى بىلىپ مۇسۇلمان بولماقتا.

ھەرقانداق ئۆلگە ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ئاندىن مەھەللىدە، ئاندىن دۆلەتتە ئومۇملىشىدۇ. ئۆلگە بولۇش تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملىكى ۋە ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۆلگە بولۇش بىلەن تەربىيەلەش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش، يەنە بىرى، سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 1. ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش

ئۆزلۈكىدىن ياكى ئىختىيارسىز تەسىر كۆرسىتىش دېگەن ئاتا-ئانا ياكى ھەرقانداق بىر تەربىيەچىنىڭ پەقەت «بالىلار مەندىن تەقلىد قىلىپ ئۆگەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مەن مەسئۇل ۋە جاۋابكارمەن» دېگەن ئېتىقاد بىلەن پۈتۈن ياخشى ئىشلاردا ئۇلارغا ياخشى ئۆلگە بولالىغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاۋۋال تەربىيەچى ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل قىلىپ يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، بالىلار ئۇنىڭدىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنى ھېچقانداق كۈچىمەستىن، ئىختىيارسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىدە يەرلەشتۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا يا تەربىيەچى ياكى تەربىيەلەنگۈچى قىيىنچىلىق تارتمايدۇ. بەلكى بۇ ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇھىم بولغىنى تەربىيەچىنىڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى، ياخشى ئادەت ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىشتۈرىشىدۇر.

شۇڭا كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيەلەش جەريانىدا ئۆزلىرى ياخشى ئادەملەردىن بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار بالىلىرىنى ئىمان ۋە ئەخلاقلىق، ئەل ئىشىغا يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەش يولىدا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ئالدىغا قەدەم ئالالمايدۇ.

## 2. سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش

سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش تەربىيەچىنىڭ بالىلارغا يول كۆرسىتىشى، بەزى ئىشلارنى ئېغىزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگىتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرىنچى تەربىيەچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساھابىلىرىگە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى گاھ سۆزى بىلەن گاھ ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى ھەر ئىككىسى بىلەن ئۆگەتتى. ئۇنىڭ: «نامازنى مەن

ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[1] ۋە «مەندىن ھەج قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار»[2] بېيش ئارقىلىق ھەم سۆزى بىلەن ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆگەتكەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گاھىدا نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەت، دۇئا ۋە تەسبىھلەرنى باللارغا ئۆگىتىش مەقسىتى بىلەن ئىچىدە ئوقۇلىدىغانلارنىمۇ ئاۋازلىق ئوقۇپ بېرەتتى.

## يېگانە ئۈلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام گوياكى ئىسلامنىڭ جانلاندۇرۇلغان شەكلى ئىدى. شۇڭا ئۇ تا قىيامەتكە قەدەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېگانە ئۈلگىدۇر. ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[3]. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ماختاپ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ «سەن ھەقىقەتەن ئەڭ كاتتا ئەخلاققا ئىگىسەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[4] دېگەن.

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمانى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى كۆرۈنۈشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرىلىق: «مېنى رەببىم ئەڭ مۇكەممەل تەربىيىلىدى»[5] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبادەتتە، مېھىر-شەپقەتتە، ئەدەپ-ئەخلاقتا، ئادالەتتە، سېخىيلىقتا، راستچىللىقتا، چىداm ۋە سەۋرچانلىقتا، كەمتەرلىكتە، تەقۋالىقتا، ئىلىم-مەرىپەتتە، باللىرىغا ۋە ئاياللىرىغا كۆيۈمچانلىقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يېيىشتە، يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىشتە، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشتا، جۈملىدىن دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا ئەڭ مۇكەممەل ۋە يېگانە ئۈلگە ئىدى.

ئۇ ئاياللىرى ئۈچۈن ئەڭ ئۈلگىلىك ئەر، باللىرى ئۈچۈن ئەڭ شەپقەتلىك ئاتا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل رەھبەر ئىدى.

---

[1] ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمى «كِتَابُ الجَنَائِزِ» 1292-ھەدىس، ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ناملىق ھەدىس توپلىمى «كِتَابُ الْأَيْمَانِ» 1658-ھەدىس.

[2] ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ناملىق ھەدىس توپلىمى «كِتَابُ الْحَجِّ» 2-توم، 943-بەت، 1297-ھەدىس.

[3] ئەھزاب سۈرىسى: 21-ئايەت.

[4] ئىمام ئەھمەدنىڭ «مسند الإمام أحمد» ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 24645-ھەدىسى.

[5] مۇتتەقىينىڭ «كنز العمال» ناملىق ئەسىرىنىڭ 31895-ھەدىسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسىدىن ئۆرنەكلەر

### 1. بالىلارغا راستچىل بولۇش

ئابدۇللا ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئانام مېنى ئۆيگە چاقىردى. كىرسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىمىزدە ئىكەن. ئانام ماڭا: «كەل ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامدىن: «بالىڭىزغا نېمە بەرمەكچىسىز؟» دەپ سورىدى، ئانام: «خورما بېرەرمەن» دەپ جاۋاب بەردى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاناماغا: «ئەگەر سىز بالىڭىزغا بىر نەرسە بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر يالغان ئېيتقانلىق گۇناھى يېزىلىدۇ» دېدى.

بۇ ھەدىس شەرىف ھەر قانداق بىر تەربىيەچىنىڭ تەربىيەسى ئاستىدىكىلەرگە ھەمىشە راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۆزىمىز يالغان ئېيتىپ تۇرۇپ باللىرىمىزغا: «يالغان ئېيتماڭلار» دەپ تەربىيە قىلغىنىمىزنىڭ زادى نېمە پايدىسى بولسۇن؟!

شۇڭا بالىلارغا ئاسانلىقچە بىرەر ئىشتا ۋەدە بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر ۋەدە بېرىلگەندە بولسا، چوقۇم ئۇنى ئورۇنداش كېرەك.

### 2. بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇش

باللارنى ئوخشاش كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقلا بىر ئىشتا بولمىسۇن، چوقۇم ئادالەتلىك بولۇش لازىم. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئاتام مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: «يارەسۇلۇللاھ! بۇ بالامغا بىر خىزمەتچىمنى بېرىۋەتتىم» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتامدىن: «باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىدى، ئاتام: «ياق» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا بەرگىنىڭنى قايتۇرۇۋال!» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇڭلار» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئەي بەشىر! سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بالاڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغان، بەشىر: «ھەئە» دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا مېنى بۇنىڭغا گۇۋاھچى قىلما، چۈنكى مەن ناھەقچىلىققا گۇۋاھ بولمايمەن»[1] دېگەن.

باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولماسلىق، بىر نەرسە بەرگەندە بەزىسىنى قايرىپ قويۇپ، بەزىسىگە بېرىش ياكى بىرىنى باشقىلىرىنىڭ ئالدىدا ماختاپ قويۇپ، يەنە

[1] ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ناملىق ھەدىس توپلىمى «كِتَابُ الْهِبَاتِ» 1622 ـ ھەدىس.

بىرىنى سۆكۈش ياكى بىرىنى «سىز» دەپ چاقىرىپ، يەنە بىرىنى «سەن» دەپ چاقىرىش ياكى بىرىگە قاپىقىنى ئېچىپ، يەنە بىرىگە قاپىقىنى تۈرۈش ياكى بىرىنى ئوقۇتۇپ، يەنە بىرىنى ئۆي ئىشىغا سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتسىزلىك بولۇپ، باللارنىڭ ئۆز- ئارا مۇھەببىتىگە ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەندىن باشقا، باللار ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك، قىزغىنىش ۋە ئاداۋەتكە سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، باللارنىڭ ئاتا- ئانىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسيانكارلىققا ئۈندەپ قويىدۇ.

ئاتا- ئانىلار باللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولمىغانلىقىنى تۈرلۈك سەۋەبلەرگە ئارتىپ ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا تىرىشىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇ ئەدەپلىك، سۆز ئاڭلايدىغان، ئىتائەتچان ئىدى، بۇ ئەدەپسىز، ئىسيانكار ئىدى ياكى ئۇ ئەقىللىك، بۇ ئەقىلسىز ئىدى، دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھېچبىرى ئاتا- ئانىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئاقلىيالمايدۇ.

ھەتتا ئاتا- ئانىلار تەبەسسۇم قىلىش، قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىش، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇش، ياخشى سۆز قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ باللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلغان.

ئىبنى ئەبى دۇنيا ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا بىر نارسىدە بالا قەۋمىنىڭ چەت تەرىپىدە ئولتۇرغان دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ ئادەم بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئوڭ يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى يېنىغا كەلدى، بۇ چاغدا ئۇ ئادەم قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ يەردە ئولتۇرغۇزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئادەمگە: «(قىزىڭنى) يەنە بىر يوتاڭدا ئولتۇرغۇزساڭ بولمامدۇ!» دېۋىدى، ھېلىقى ئادەم قىزىنى يەنە بىر يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمدى ئادىل بولدۇڭ» دېدى.[1]

ئاتا- ئانىلار يۇقىرىقىدەك ئادەتتىكى مۇئامىلىلەردىلا ئەمەس، بەلكى دۇئا، سۆيگۈ- مۇھەببەت قاتارلىق ئىچكى ئەمەللىرىدىمۇ ئادالەتلىك بولۇشى، ھەممىسىنى تەڭ سۆيۈشى ۋە ھەممىسىنىڭ ھەققىدە ياخشى دۇئالارنى قىلىشى لازىم. بۇلارنى باللار كۆرمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمەسمۇ؟!

## 3. مېھرىبانلىقنى ۋە كۆيۈمچانلىقنى ئىپادىلەش

ئابدۇللا ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] ئىبنى ئەبى دۇنيانىڭ «العيال ويقع في مجلدين» ناملىق ھەدىس توپلىمى 173- بەت، 36- ھەدىس.

خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. توساتتىن نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنلەرنىڭ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىلىپ، مۇنبەردىن چۈشتى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن: «ئاللاھ بالىلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلار بىر تۇرلۇك سىناقتۇر، دەپ راست ئېيتقان. مەن بۇ ئىككى نارەسىدىنىڭ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرالماي قالدىم ۋە ئاخىرىدا خۇتبىنىمۇ ئۈزۈپ قويدۇم»[1] دېدى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆزلەۋاتقان خۇتبىنى توختىتىپ قويۇشقا ئېلىپ بارغان نەرسە، ۋايىغا يەتكەن ھەقىقىي مېھىر-شەپقەتنىڭ بىر ئۆرنىكىدۇر.

بالىلارغا ئەنە شۇنداق مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا تەربىيەدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى بالىلارغا تەربىيەنىلا ئەمەس، بەلكى ھېچبىر پىكىرنى زورلاپ تېڭىپ قوبۇل قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىش پەقەت مېھىر-شەپقەتنى ۋە سۆيگۈسىنى ئۇلارغا ئىزھار قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنى ئۇلارغا سۆيدۈرۈش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش بىلەنلا بولىدۇ.

مۇئەللىممۇ بالىلارغا سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلغاندىلا ئۇلارنى سۆزىگە كىرگۈزەلەيدۇ ۋە ئۇلارغا تەربىيەسىنى سىڭدۈرەلەيدۇ.

## 4. بالىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە ئىدى، نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى. بۇ سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىنى ناھايىتى ئۇزۇن قىلدى. نامازدىن كېيىن بىرسى ئۇنىڭدىن: يارەسۇلۇللاھ! سەجدىنى بەك ئۇزۇن قىلدىلا، دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نەۋرەم ئۈستۈمگە مىنىۋالغاندى، ئۇنى چۈشۈشكە ئالدىراتقۇم كەلمىدى»[2] دېدى.

بالىلارغا كۆرسىتىلگەن مۇشۇنچىلىك ئاددىي مېھرىبانلىقنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىدىكى مەنىسى ۋە تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

ئاتا-ئانىسىدىن ياكى مۇئەللىمدىن بۇنچىلىك كۆيۈمچانلىقنى كۆرگەن بالا ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقا قەتئىي چىداپ تۇرالمايدۇ-دە، ئۇلارنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلىدۇ.

## 5. بالىلار بىلەن ئويۇن ئويناش

[1] ئىمام بەيھەقى «سنن البيهقي» ناملىق ھەدىس توپلىمى 3-توم، 218-بەتتە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
[2] ئەبۇ يەئلانىڭ «المسند» ناملىق ھەدىس توپلىمى 3428-ھەدىس.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت پۇتلۇق بولۇپ مىكىۋىتىپتۇ، نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ئىككىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ تۆگەڭلار نېمىدېگەن ياخشى ۋە سىلەر نېمىدېگەن ياخشى مىنگۈچىلەر»[1] دەيتتى.

قېنى ئويلاپ كۆرەيلى، دۆلەتنىڭ رەئىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى، جامائەتنىڭ ئىمامى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن غازاتلارغا قوماندانلىق قىلىپ ئالدىنقى سەپكە چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ ئىشلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۈشكۈلاتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆي ئىشلىرىدا ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە، باللىرىنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئەمدى بىزنىڭ باللىرىمىزنى شۇنداق شاد قىلماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلارنى ئويناتماسلىقىمىزغا يەنە نېمە ئۆزرىمىز بار؟

بەزى ئاتا-ئانىلار باللارنى «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن بۇيرۇق-چەكلىمىلەر بىلەنلا تەربىيەلەپ كەتكىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. باللار بۇيرۇق بىلەن ياكى تاياق بىلەن باشقۇرغىلى بولىدىغان قوي ياكى كالا ئەمەس. بەلكى باللار پەقەت سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق كۆڭلىنى خوش قىلىش بىلەن باشقۇرۇلىدۇ.



## 6. باللارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ھەمىشە نامازغا ئۇزۇنراق سۈرە ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ نامازنى باشلايمەن. ناۋادا بىرەر بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قالسام، بالىنىڭ يىغىسىدىن ئانىسىنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، نامازنى تېزرەك ئوقۇپ تۈگىتىمەن»[2]. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا-بالىغا بولغان چەكسىز كۆيۈمچانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

## 7. باللارغا سالام قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن كۆرۈشۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارنى كۆرگىنىدە، ئۇلارغا خۇددى چوڭلارغا سالام قىلغاندەك سالام قىلاتتى ۋە تەبەسسۇم بىلەن ئۇلاردىن ئەھۋال سورايتتى. ئىمام بۇخارى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا قانداقلا بىر بالىنى كۆرسە ئاۋۋال ئۇنىڭغا سالام قىلاتتى، ئاندىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] تەبەرانىي «المعجم الكبير» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3-باب، 52-بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
[2] ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمى «كِتَابُ الصَّلَاةِ» 750-ھەدىس.

شۇنداق قىلاتتى»[1] دەيتتى.

## 8. كىچىكلەرنى ئاسراش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ھەر يىلى مېۋىلىرى دەسلەپ چىققاندا، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېۋىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بىزگە مېۋىلىرىمىزدە، شەھىرىمىزدە، كەمچەنلىرىمىزدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ بولغىنىدەك، مەنمۇ سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭمەن. ئۇ مەككە ئۈچۈن دۇئا قىلغاندەك، مەن مەدىنە ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن» دەيتتى. ئاندىن بۇ مېۋىنى ئائىلىنىڭ ئەڭ كىچىك بالىسىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بېرەتتى[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بىزگە كىچىكلەرنى ئاسراشنى ۋە كىچىكلەرگە چوڭلارغا بېرىشتىن بۇرۇن بېرىشنى ئۆگەتكەن. چۈنكى چوڭلار سەۋر قىلالايدۇ. ئەمما كىچىك بالىلار تولا ۋاقىتتا سەۋر قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ مېزىلىك يېمەكلىكلەرنى ۋە لەززەتلىك مېۋىلەرنى كۆرگەندە، كىچىك بالىلارنىڭ نەپسى تاقىلداپ قالىدۇ. شۇڭا بېرىدىغاننى ئاۋۋال ئۇلارغا بەرمەسلىك ئۇلارنى قىيناپ قويغانلىق بولىدۇ.

بۇ بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى چوڭلارمۇ كىچىك بولۇپ باققان. ئۇلارمۇ كىچىكلەرنىڭ سەۋرسىزلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە رەنجىپ قالمايدۇ. ناۋادا چوڭلار رەنجىپ قالسا، ئۇلارغا چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك.

## 9. ھەممە ئادەمنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش

سەھل ئىبنى سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سورۇندا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول تەرىپىدە چوڭلار بار ئىدى. شۇ پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈلۈپتۇ، ئۇنىڭدىن ئىچتى. ئاندىن ئوڭ تەرىپىدىكى بالىدىن: «بۇنى ئاۋۋال چوڭلارغا بېرىشىمگە ئىجازەت بېرەمسەن؟» دەپ سورىدى. بالا: «ياق، مەن ھەققىمنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكىنى بالىغا بەردى[3].

[1] ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمى «كِتَابُ اللِّبَاسِ» 5893 ـ ھەدىس.
[2] ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ناملىق ھەدىس توپلىمى «كِتَابُ الْحَجِّ » 1373 ـ ھەدىس.
[3] ئىمام بەيھەقى «سنن البيهقي» ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 7 ـ توم، 286 ـ بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

بۇ بالا پەۋقۇلئاددە ئەقىللىك ۋە زېرەك بىر بالا بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يېيىش ـ ئىچىش، ئېلىش ـ بېرىش، ھەتتا ئۆيگە ياكى مەسجىدكە كىرىش قاتارلىق جىمى ئىشلاردا ئوڭدىن باشلاش پرىنسىپىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇۋالغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنلا ئىچىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەرەپنى قانداقمۇ باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرسۇن؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ئاۋۋال ئىچىشتىن ئىبارەت ھەققىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىغان. ئەمما بالا قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇنى زورلىمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاۋۋال بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاددىي بىر مەسىلە ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئادالەتلىك بولۇشنى ۋە ھەر كىمنىڭ ھەققىنى ــ چوڭ ـ كىچىك دېمەستىن ــ بېرىش لازىملىقىنى ئۆگەتكەن. چۈنكى ئادالەت ھامان ئادالەتتۇر. ئۇ چوڭ ياكى كىچىكدېمەيدۇ.

## 10. خاتالىقنى سىلىقلىق بىلەن تۈزىتىش

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا رۇكۇدا ئىدى. مەن كېلىپ سەپكە قېتىلماستىنلا، ئارقىدا ئايرىم رۇكۇ قىلدىم. ئاندىن ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ بېرىۋىدىم. ئۇ ماڭا: «ئاللاھ سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق قىلما»[1] دېدى.

ئەسلىدە، بۇ ساھابە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئاندىن نامازنى باشلىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئۇ رۇكۇغا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۇرغان يېرىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياخشى دۇئا قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئالدى سەپتە ئورۇن بولغان ھالەتتە، ئارقىدا يالغۇز تۇرماسلىققا بۇيرۇغان.

بۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيەنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى ئۆگەتكەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئالدى بىلەن خاتالاشقۇچىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ، ئاندىن ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشتۇر. ئىسلامنىڭ تەربىيە ماۋزۇسىدىكى بۇ پرىنسىپى چوڭ ـ كىچىك ھەممىگە قارىتىلغاندۇر.

شۇڭا بالىلار خاتالاشقاندا، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىلا تىلغا ئالماستىن، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى خۇش قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ خاتالىقىغا

[1] ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمى «كِتَابُ الْأَذَانِ» 750 ـ ھەدىس.

چىرايلىقچە تۈزىتىش بېرىش لازىم. بۇ پرىنسىپ باللار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يېنىمىزدا ئىشلەيدىغان كادىر، ئىشچى، شاگىرت ۋە ھەمراھىمىز ئۈچۈنمۇ يارايدىغان پرىنسىپتۇر.

چۈنكى سىز بىرەر كىشىنىڭ خاتالىقىغا تۈزىتىش بەرمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ ئۇنى ماختاپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ خاتالىقىغا تۈزىتىش بەرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئادالىتىڭىزنى ۋە ئۇنىڭغا ھەقسىزلىق قىلمىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىدۇ-دە، نەسىھىتىڭىزنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسۇلدا سىز ئۇنىڭ ھەققىنى بەرگەن ئىكەنسىز، ئۇمۇ سىزنىڭ ھەققىڭىزنى بېرىش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە، بۇنداق ئېسىل ئەخلاق ئومۇملاشمىغان. ئائىلىلەردىمۇ يىلتىز تارتىپ بولالمىغان. بىزدە بالا بىرەر خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويغان ھامان ئۇنىڭ بارلىق خاتالىقلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى، ھەتتا ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرىنى بىر-بىرلەپ يۈزىگە سېلىپ كېتىمىز، گويا ئۇ بىر قېتىممۇ توغرا ئىش قىلىپ باقمىغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز. نەتىجىدە، بالىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش ئىستىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىسيانكارلىقى ئېشىپ كېتىدۇ.

## بالىنىڭ ھاياتىدىكى ئۈلگىلەر

### 1. ئاتا-ئانا ۋە مۇئەللىم

باللارغا ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش ئۇسۇلى بارلىق تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ئىچىدە تەسىر ۋە ئۈنۈم جەھەتتىن ئەڭ غەلىبىلىك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى تەكىتلىمەكتە.

بالا ئاتا-ئانىسىدىن ۋە تەربىيەچىسىدىن ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىدۇ. شۇڭا بالا تەربىيەلەش ھەر قانداق بىر ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەچى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىۋېلىش، ئەخلاقىنى توغرىلىۋېلىش پۇرسىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ باللارنى ئىسلامي تەربىيەلەش ئىشىدا غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

ئاتا-ئانىسىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ راستچىللىقنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانىسىدىن تىل-ئاھانەتلەرنى ۋە ئەدەپسىز سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بالىنىڭ چىرايلىق سۆز قىلىشقا ئادەتلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانىسىدىن قوپاللىقنى ۋە شەپقەتسىزلىكنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ مۇلايىملىقنى ۋە رەھىم-شەپقەتنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇلۇغ دانىشمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شانلىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ئوغۇل ـ قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يەنە.
ئوغۇل ـ قىز خۇي ـ پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

## 2. باللارنى ئەڭ ئېسىل ئۈلگىگە باغلاش

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلارغا ئۆزلىرىدىنلا ئۈلگە كۆرسىتىشى كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى بالىلارنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئېسىل ۋە مۇكەممەل ئۈلگە بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا باغلىشى زۆرۈردۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى، غازاتلىرىنى، ئىش ـ ئىزلىرىنى، سۆزلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى بالىلارغا ھەمىشە سۆزلەپ بېرىش ۋە ئەستايىدىل ئۆگىتىش بىلەن بولىدۇ.

## ئۈلگىلىك رولنىڭ يوقۇلۇشى ھەقىقىي كىرىزىسنىڭ باشلىنىشىدۇر

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە، خۇسۇسەن ئائىلىدە ئۈلگىلىك رولنىڭ يوقۇلۇشى ھەقىقىي كىرىزىسنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ، جەمئىيەتتە خەلقنى يېتەكلەيدىغان ئۆلىما، زىيالىي ۋە پېشقەدەملەردە خەلقنى قايىل قىلىپ يېتەكلىگۈدەك پەزىلەت، قابىلىيەت ۋە گۈزەل خىسلەتلەر يوقالغاندا، ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلاردىكى ياكى ئاكا، ئاچا بولغۇچىلاردىكى ئەخلاق، پەزىلەت ۋە قابىلىيەت يوقالغاندا، بۇنداق جەمئىيەت ۋە بۇنداق ئائىلە كىشىلىرىنىڭ پارلاق كېلەچىكىدىن سۆز ئېچىش قىيىن بولىدۇ. مىسىرلىق ئاتاغلىق شائىر ئەھمەد شەۋقى مۇنداق دەپ يازغان:

إنما الأمم الأخلاق مابقيت
فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا
مىللەتنىڭ راۋاجى ئەخلاققا باغلىق،
ئەخلاقتىن ئايرىلسا باسار زاۋاللىق.

پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولالىغۇدەك دەرىجىدە ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن قوراللانمىغان ياكى ئۆزى ئۈلگە بولالىغۇدەك دەرىجىدە بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ۋە ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن چوڭ بولمىغان ياكى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۈلگە ئالالمىغان بالىلار كوچا تەربىيىسى بىلەن ئۆسىدۇ ـ دە، ئۆزلىرىگە جەمئىيەت داشقاللىرىنى، لۈكچەكلەرنى، سەنئەتچى كىنو چولپانلىرىنى، يۇتبول ماھىرلىرىنى ئۈلگە قىلىۋالىدۇ.

## ئۈلگە بولغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار

1. ئۈلگە بولغۇچىنىڭ چوقۇم ئىخلاسلىق بولۇشى ۋە بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، گەپ ـ سۆزلىرىدە سەممىي بولۇشى.

2. راستچىللىق، چىدامچانلىق، سەۋرچانلىق، كەمتەرلىك، قانائەتچانلىق دېگەنگە ئوخشىغان مۇھىم ئەخلاقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بولۇشى.

3. ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى تۇتقا قىلىدىغان، ئوڭداي ۋە توغرا بولغاننى تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇشى.

4. ۋاقىتقا ئالاھىدە رىئايە قىلىدىغان، ۋەدىسىدە قەتئىي تۇرىدىغان بولۇشى.

### 1. ئۈلگە بولغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

1. ئۈلگە بولغۇچىنىڭ ئۆزى ئۈلگە بولىدىغان ئىشنىڭ ۋە بېرىدىغان مەلۇماتلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل بولۇشى.

2. پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان بولۇشى.

3. گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلانغان، مۇئامىلىدە ئادىل بولۇشى، خۇشسۆز، ئەپۇچانلىق، سېخىيلىق، مېھرىبانلىق قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۆزىدە جەم قىلغان بولۇشى.

4. ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى.

5. زامانىنى ۋە ۋەزىيەتنى ياخشى چۈشىنىدىغان، مەلۇماتنى يىغىلاپ تۇرىدىغان، قاتماللىقتىن يىراق، ئۆز خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇشى.

6. ئۈلگىنى شەكىلدە ياكى گەپ ـ سۆزدىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىدىغان بولۇشى.

ئۇنتۇماڭكى، سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز قەلبىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرغا قەدەر چاقناپ تۇرىدىغان ۋە ھېچ ئۇنتۇلمايدىغان خاتىرە سىزنىڭ نامازنى مۇكەممەل شەكىلدە ئوقۇغان، قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا تىلاۋەت قىلغان، ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇڭلۇق دۇئا قىلغان، جورىڭىزغا چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلغان، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دىللىرىنى تولۇپ تاشقان كۆيۈمچانلىقىڭىز بىلەن يايرىتىۋەتكەن كۆرۈنۈشلىرىڭىزدۇر.




(بۇ ماقالىنى ئەللامە ئەبۇل ھەسەن نەدۋىي لۇكنو «پەن-تېخنىكا ئىنستىتوتى»نىڭ ئۇل تېشىنى قويۇش، شۇنداقلا ئىنستىتوتتا كومپيۇتېر بۆلۈمى ئېچىلىش مۇراسىمدا ئوقۇغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئىنستىتۇت زالىدا كۆپ ساندا مەشھۇر زىيالىيلار، ئىنژىنېرلار، مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت ئۇستازلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. ماقالە سورۇننىڭ تەقەززاسى بويىچە ئوردۇچە ئوقۇلغان. ماقالىنىڭ بىز ھازىر سىلەرگە تەقدىم قىلىۋاتقان نۇسخىسى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، «ئىبنى كەسىر» نەشرىياتى تەرىپىدىن «پىكىر ۋە دەۋەت ھەققىدە ئىسلامىي لىكسىيەلەر» نامىدا نەشر قىلىنغان ماقالىلەر توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى).

قېرىنداشلار! مەن بۇ مۇراسىمغا قاتناشقىنىمدىن ناھايىتى خۇشال. چۈنكى مەن بۇ يېڭى مۇئەسسەسەدە كومپيۇتېر بۆلۈمىنى ئېچىش ئۈچۈن دادىللىق بىلەن قەدەم باسقان ئەمەل قىلىش روھى، چىن-ھېسسىيات ۋە يېڭىچە تەپەككۇرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇ مەزكۇر مۇئەسسەسەنىڭ قىسقا مەزگىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن ئالقىشلاشقا تېگىشلىك غەلىبىسىدۇر.

نۆۋەتتە پەۋقۇلئاددە يېڭى ئىجادىيەتلەر، يۇقىرى تېخنىكىلىق، ئەقىللىرىمىزنى لال-قىلىدىغان كەشپىياتلار مەيدانغا كەلگەن؛ ئىلىم-پەن كەڭ كۆلەملىك ئومۇملاشقان، تۈرلەرگە ئايرىلغان ۋە ئاجايىپ تەرەققىي قىلغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر يەنىلا ئىنسانىيەت دۇنياسى ناھايىتى قورقۇنچلۇق خەتەرلەرگە ۋە تۈرلۈك مۈشكىلاتلارغا دۇچ

كېلىۋاتىدۇ. ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇشكىلات ۋە خەتەرلەرمۇ چوڭىيىۋاتىدۇ. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى، يالغۇز ئىلىم-پەننىڭ ئۆزىلا ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىسلام بىلەن ئىلىم-پەن بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھنىڭ تۇنجى ۋەھيىسى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيى قىلغان: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن»[1]. بۇ ئايەتنىڭ كۆپ مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنسانغا چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلىنىش ئۈچۈن يېڭى ئىشىكلەرنى ئاچىدۇ، دەرس ۋە ئۆگۈتلەرنى تەلقىن قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، ياشىغان جەمئىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىش ئۈچۈن ئەقىل نېمىتىنى ئاتا قىلغان. ئىنسان بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسى ھەققىدە ئاللاھ تائالا ئېنىق قىلىپ بىلدۈرگەن ئۇسۇل ۋە ئىلاھىي قانۇنىيەت بويىچە ئويلىنىپ بېقىشى، ۋە ئىلاھىي قانۇنىيەتكە تولۇق ئىشىنىشى كېرەك.

ھېچقانداق كىتاب ئوقۇيالمايدىغان ۋە قەتئىي خەت يازالمايدىغان ئۇممىي پەيغەمبەرگە تۇنجى قېتىم نازىل قىلىنغان ۋەھيى: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن»[2] دېگەن ئايەت بىلەن باشلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ تۇنجى ۋەھيىسىنىڭ بۇ ئايەت بىلەن باشلانغانلىقى ناھايىتى پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك مەنىلەرگە ئىشارە قىلماقتا. دۇنيادا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇ ئۇممەتنى يېڭى ساماۋىي دىنىنىڭ (يەنى ئىسلامنىڭ) نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. ئىسلام ئۇممىتى ئوقۇشقا ۋە قەلەم تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان؛ ئىلىمنى گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ھايات مىزانىغا ئايلاندۇرغان، ھاياتى ۋە ماماتى ئىلىمگە باغلانغان ئۇممەتتۇر. ياۋروپا بىر قانچە ئەسىرلىك زۇلمەتنى، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ئۈزۈكچىلىكىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىلمىي گۈللىنىشنى بارلىققا كەلتۈردى، بۇ گۈللىنىش سەۋەبلىك ئىلمىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەپلەردە غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. لېكىن ئىلاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويدى. ياۋروپادىكى بۇ گۈللىنىش تۇغىنى كۆتۈرگۈچىلەر دىندىن (يەنى ئىسلامدىن) خالىي ئىلىمنىڭ ئىنسانىيەتكە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەستىن بەلكى ئىنساننىڭ قەلبىدە ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىي قىممەت قاراشلارغا قارشى ئىسيان پەيدا قىلىدىغانلىقىنى؛ قالايمىقانچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى؛ بۇنىڭدىن ئېكسپىلاتاسىيە،

[1] ئەلەق سۈرىسى 1-ئايەت.
[2] ئەلەق سۈرىسى 1-ئايەت.

پۇرسەتپەرەسلىك ۋە مال-دۇنياغا دۈم چۈشۈش قاتارلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى؛ دىندىن خالىي بۇنداق ئىلىمنىڭ ئىنسانىيەتنى ئىلاھنى ئىنكار قىلىشقا، ئەخلاقسىزلىققا ۋە شاللاقلىققا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. بىز بۇلارنى بۈگۈن دىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكا جەمئىيەتلىرىدە كۆرۈۋاتىمىز.

ناۋادا بىر ئادەم يېقىندىن دۇنيا تارىخىنى ھەققىي ئادىل ۋە رېئاللىققا ئۇيغۇن شەكىلدە يازماقچى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ چۈشكۈنلىشىش سەۋەبى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولسا مەن ئۇنىڭغا «ئىلىمنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈشى، ئىلىمنىڭ ئىسلامىي ئۆلچەملەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇشى، ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشى، ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان قىلىشى» دېگەنگە ئوخشاش تېمىلاردا يېزىڭ، دەپ كۆرسىتىپ قويىمەن.

بۇ كائىناتنى ئۇنىڭ رەببى ئىدارە قىلىدىغان ۋە رىتىملىق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرىدىغان تۇرسا ئىنسان قانداقسىگە رەببىنى ۋە ئۇنىڭ مول نېمەتلىرىنى ئۇنتۇيدىغاندۇ؟! ئاللاھ تائالا كائىناتنى رىتىملىق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىتىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر»[1].

قېرىنداشلىرىم! دىنىمىز ئىسلام بىزدىن تەلىم-تەربىيە ۋە پەن-تېخنىكىغا ئائىت مۇئەسسەسەلىرىمىزنى ئىسلامىي پرىنسىپلار ئۈستىگە بەرپا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇندىلا بىزنىڭ ئىلمىي ۋە پەن تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك مۇئەسسەسەلىرىمىز پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق خىزمەتلەرنى سۇنالايدۇ. ھەممە بىلىشكە تېگىشلىك ھەقىقەت شۇكى، ھېچ قانداق ئادەم ھاياتىنىڭ پۈتۈن تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ بۈيۈك خىزمەتنى تۈنجى كۈندىن باشلاپ ئىسلام ئۈستىگە بىنا قىلماي تۇرۇپ بۇ خىزمەتنى روياپقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام كىتاب ئوقۇشنى، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ھەرخىل تېمىلاردا بىر نەرسە يېزىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادەممەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە ۋاقتىم بولمىدى، شۇڭا بۇ ساھەدە ھېچقانداق تەجرىبە ساھىبى ئەمەسمەن. لېكىن بارماقلىرىمنى كومپيۇتېرنىڭ ئېچىش كۇنۇپكىسىغا تەگكۈزگەن چېغىمدا مەن ئويلىغان رەقەملەر كۆرۈنىدۇ-دە خىيالىمغا ئاللاھ تائالا ئىنساننى بولۇپمۇ مۇسۇلماننى كومپيۇتېرغا ئوخشاش يارىتىپتۇ، دېگەنلەر كېلىدۇ.

[1] ئەئراف سۈرىسى 54-ئايەت.

كومپيۇتېر ئاجايىپ ئىقتىدار ۋە غايەت زور دەرىجىدە كۈچ ئىگە بولسىمۇ لېكىن بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە غايەت زور دەرىجىدە كۈچنى قوزغايدىغان بىر ئادەمگە موھتاج. ئىنسانىيەت تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇنداق نەمۇنىلىك ھاياتنى ياشىغان ۋە ئۇلار پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك بارماقلىرىنى ئىنساندىن ئىبارەت كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكىسىغا قويۇشى بىلەن تەڭ، ئىنساننىڭ تۇغما ۋە تەبىئىي تالانتى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك رەۋىشتە نامايەندە بولغان.

ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئىنسانىيەتنى يۈكسەك نىشانلارغا يۈزلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىگەن ئىدى. لېكىن تولىمۇ ئەپسۇس بىز بۇ مەنىۋى كۈچىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق. مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزنى زايە قىلىۋەتتۇق. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقان چاغدا ئۈستىمىزدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىنساندىن ئىبارەت بۇ كومپيۇتېرغا يېڭىدىن بارمىقىنى قويىدىغان ئادەم چىقماي قالدى. بىز بۇنداق قىيىن شارائىتلاردا ئاللاھ بىزگە ئامانەت قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان خەزىنىلىرىمىزنى كولاپ چىقىرىشىمىز ئۈچۈن مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزنى نەدىن يوقىتىپ قويغان بولساق شۇ يەردىن قايتۇرۇپ كېلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە كومپيۇتېردىن ئىبارەت ماددىي ئۈسكۈنە قىلىۋاتقان بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز ئۈچۈن ئويلىنىشىمىز، پەيغەمبەر تەلىماتى بويىچە بارماقلىرىمىزنى شارائىت، سورۇن ۋە رېئاللىقنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە ئىنساندىن ئىبارەت بۇ كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكىسىغا بېسىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە بىزنىڭ-نوقۇل ئىلىم-پەننىلا ئۆگىتىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلمەستىن بەلكى ھەر قانداق ھالەتتە ئاللاھتىن قورقۇشنى، تەقۋالىقنى ئۆگىتىدىغان؛ ئىنسانلارغا ئاللاھنى تونۇش، ئاللاھنىڭ بارلىقى، ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكى ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان ئىلىم-مەرىپەتنى ئۆگىتىدىغان؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ توغرا بولغان تەلىم-تەربىيىسى ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان ئىلمىنى ئۆگىتىدىغان مۇئەسسەسەلەرگە جىددىي ئېھتىياجىمىز بار.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكا بازارلىرى پۈتۈن دۇنيانى بەختسىزلىك ۋە ۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلىۋاتقان غەربنىڭ كەشپىيات ۋە ئېخنىكىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. بىراق بۇ دۆلەتلەر تەقۋالىق، ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىپ، چەكلىمىلىرىدىن يېنىش ۋە قىلغان ئەمىلىگە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش قاتارلىقلارنى يوقىتىپ قويغان. شۇ سەۋەبتىن مەن ۋاشىنگتوندا سۆزلىگەن خۇتبەمدە: ئامېرىكا پۈتۈن تەرەققىياتلار

بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، بىراق بۇ يەردە «ماشائاللاھ» يوقكەن، دېگەن ئىدىم.

يۇقاردا بايان قىلغان ئامىللار تۈپەيلى ئامېرىكا بۈگۈن ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش ۋە قولايلىق يارىتىش ساھەسىدە پۈتۈن ۋاستىلەر ۋە ئىمكانىيەتلەرنى قوللىنىپباققان بولسىمۇ بۇ ۋاستىلەر ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ھېچقانداق بىر ئۇنۇم كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ. دىن بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ئىخلاس يوقلىپ كەتكەنلىكى؛ ئىمان نۇرى خىرەلىشىپ، ھاياتنىڭ يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىمان چوغى ئۆچۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىنسانلارغا كۆڭۈل ئازادلىكى، قەلب خاتىرجەملىكى بېرەلمەيۋاتىدۇ.

ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئىسلامىي كۆرسەتمىلەر ئۈستىگە بىنا قىلىنغان ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر چوقۇم تەسىس قىلىنىشى كېرەك. ھاياتنىڭ خىلمۇ-خىل ساھەلىرىدە ئىلىم-پەن بىلەن ئىسلام تەڭ قەدەمدە ماڭمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ دۇنيا ئۆزىنى بۇ خەتەرلىك ھاڭدىن، ھالاكەتنىڭ چاڭگىلىدىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ھەرگىزمۇ خاتىرجەم، تىنچ-ئامان، ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بەرپا قىلالمايدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشى، خەلقئارالىق سەۋىيەگە كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن مەن ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ۋە بارلىق ئىسلامىي جامائەتلەر ئىچىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىلىم-پەن، پەن-تېخنىكىغا، سانائەت قاتارلىقلارغا خىزمەت قىلىدىغان مۇئەسسەسەلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى؛ ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت ۋە فاكۇلتېتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ھەققەتەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەۋجۇت بارلىق مۇئەسسەسەلەر ئىسلام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويماستىن بەلكى ئىسلام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشىنى، بۈرۈن ئىسلام بىلەن ئارىسىدا ھاڭ پەيدا بولۇپ قالغان مۇئەسسەسەلەرگە دىنىي تۇس ۋە دىنىي خاراكتېر بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇ ۋاقىتتا مەزكۇر مۇئەسسەسەلەر دۇنيادادا تەلەپ قىلىنىۋاتقان، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى جارى قىلدۇرالايدۇ، زامانىمىزدىكى ئىنسانلارنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت ساھەسىگە باشلاپ ماڭالايدۇ، كەلگۈسىنىڭ داغدام يولىنى ۋە پارلاق كەلگۈسىنى ھازىرلىيالايدۇ.

بۇ ئىشلار ئاللاھقا قىيىن ئەمەس.



# قىز - يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان

دوكتور ئابدۇكېرىم بەككار
ئابدۇمجىت مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى

## 25 ـ گۈلخان

### ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ياشاڭلار...

بىز ھازىر ھەر نەرسە تاۋارغا ئايلانغان، «مۇتقا مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ»غان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بۇخىل ھالەت بىزنى ھەر نەرسىدىن سىقىلىش، خەۋپسىرەش ۋە ئىسەنكىرەش تۇيغۇسىغا مۇپتىلا قىلىدى. نەتىجىدە بىز باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە مۇئامىلە قىلىشىشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتۇق ـ دە، ھەر دائىم ئەڭ ئىشەنچلىك، قېرىنداشلىقتا ئەڭ يارايدىغان، تەبىئىتى ئېسىل، ئەڭ ياخشى كىشىلەرنى ئىزدەيدىغان بولدۇق.

بۈگۈنكى ھايات گوياكى قاقرام بىر سەھراغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە ئىخلاسمەن دوست ـ بۇرادەرلەر خۇددى شۇ سەھرادىكى سابا شامىلىدەك ۋە ياكى سىم ـ سىم يامغۇردەك قىممەتلىك. ئۇلار دەرتكە داۋا، يۈرەككە شىپا، كۆزلەرگە نۇر، قۇلاقلارغا مۇڭ بېغىشلىغۇچىلاردۇر.

ئۇنداقتا ياخشى دوستنىڭ ئىپادىلىرى قانداق بولىدۇ؟! بىز قانداق كىشىلەرنى ياخشى دوستۇم دەپ ئاتىساق خاتالاشمايمىز؟! نېمە ئۈچۈن تارىختىن بىرى چىن دوستنىڭ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا ئاچچىق ۋايساشلار ئۈزۈلمەيدۇ. بىز تۆۋەندە قىز ـ يىگىتلەرگە مۇشۇ ھەقتە يورۇتما بېرىمىز.

1. دوست تاللاشتا ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ سالىھ ياكى ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. سالىھ كىشىلەر دېگىنىمىز ھەمسۆھبەت بولسىڭىز دىلىڭىز ھوزۇر ھېس قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئېسىل تەبىئىتى ئارقىلىق سىزنى زەرەتلىيەلەيدىغان، شۇنىڭدەك بىرەر قىينچىلىققا يولۇققاندا ھېچ ئىككىلەنمەي ئىزدىشىڭىزگە يارايدىغان كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سالىھ دوست ۋە ناچار دوست گويا ئىپار كۆتۈرۈپ يۈرگۈچى ۋە كورەكچىگە ئوخشايدۇ. ئىپار كۆتۈرۈپ يۈرگەن كىشى ياكى سىزگە ھەدىيە قىلار ياكى سېتىپ بېرەر، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ خۇشھىدىنى بولسىمۇ ھىدلىۋالارسىز. كورەكچىگە كەلسەك، يا ئۇنىڭ ئۇچقۇنى كىيىمىڭىزنى كۆيدۈرەر ياكى بەدبۇيى راھەتسىز قىلار...»[1] شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئۇلۇغۋار غايە-نىشانى بولمىغان، يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرى بولمىغان ناچار كىشىلەرگە دوست ۋە يولداش بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ناچار دوستنىڭ كەلتۈرىدىغان بالايى-ئاپەت ۋە پىشكەللىكلىرى بىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاددىي ئەمەس.

بىز دوست تاللاشتا ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭدىن قانچىلىك مەنپەئەتلەنگىلى بولىدىغانلىقىغا، قانداق ئىقتىدار ۋە ئەۋزەللىكلىرى بارلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىزگە قانچىلىك ئۈنسى-ئۈلپەت ئاتا قىلالايدىغانلىقىغا، مەنىۋىيەت ۋە مەسلەك جەھەتتىن بىزگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا، ھىدايىتىمىز ۋە دىيانىتىمىزگە قانچىلىك پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ھەدىس قۇدسىدا بايان قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە مۇنداق دەيدىكەن: «مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر قەيەردە؟ ئەزەمەتىم بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ سايەمدىن باشقا ھېچ سايە بولمىغان مۇشۇ كۈندە مەن ئۇلارنى ئۆز سايەمدە سايىدىتىمەن.»[2]

2. ھاياتىمىزدا ھەقىقى دوستلۇققا يارايدىغان كىشىلەر ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىر-ئىككى قۇر سۆز بىلەنلا يەكۈنلىگىلى بولمايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ياخشى بىر دوستقا ئېرىشىپ قالساڭلار ئۇنى چىڭ تۇتۇڭلار (يەنى قەدىرلەڭلار)، بۇ ئىنتايىن كەم نېسىپ بولىدىغان بىر نېمەت.»

چىن دوستلىقنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى شىكايەت، قىيداش ۋە قاقشاشلار كىشىلەرنىڭ چىن دوستقا نەقەدەر مۇشتاق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. دېمىسىمۇ، چىن دوستقا ئېرىشىش بەسى مۈشكۈل بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس
[2] مۇسلىم رىۋايىتى

لېكىن چىن دوست چورتلا مەۋجۇد ئەمەسمۇ ئەمەس. بەزى كىشىلەر مېنىڭ ياخشى دوستۇم يوق دەپ ۋايسايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي، يەنى ئۇلارمۇ ئانچە ياخشى كىشىلەردىن ئەمەس. سىز باشقىلارغا چىنلىق ۋە ھەقىقىلىق تەلىپىنى قويۇشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنىڭ شۇ تەلەپكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىڭىزگە قاراپ بېقىشىڭىز كېرەك. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىز دوستلىرىڭىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىسىز ـ يۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىغا پەرۋامۇ قىلىپ قويمايسىز. ئۇلار سىزدىن ئانچىكى بىر نەرسىلەرنى تەلەپ قىلسا ئاۋارىچىلىق ھېس قىلىپ، ئۇلارنى خاتىرىڭىزدىن ئۆچۈرۈپ تاشلايسىز...

3. بىز دوستلىرىمىزغا قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدىغانلىقىمىزنى، ھەر قاچان ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك. شۇندىلا ئۇلار قانداقلا ھاجىتى بولمىسۇن، ھېچ ئىككەنلەنمەي، مىننەت قىلارمۇ ياكى رەت قىلارمۇ دېمەستىن بىزگە ئېيتالايدىغان ۋە بىزنى ئۆز كۆرىدىغان بولىدۇ. يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، بىز دوستلىرىمىزغا سىر ۋە مەخپىيەتلىك جەھەتتە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالىشىمىز، ناۋادا ئارىمىز بۇزۇلغان تەقدىردىمۇ سىرلارنىڭ سىر پېتى قالىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بېرەلىشىمىز كېرەك.

4. دوستلارنىڭ بەزىبىر نۇقسانلىرىغا كۆز يۇمۇشقا توغرا كېلىدۇ. چوقۇم تۈزەتمىسە بولمايدىغان خاتالىق بولمىسىلا، تولا تەنبىھ بېرىپ كۆزگە كىرىشۋالماسلىق، ئەيىبلىرىنى كوچىلىماسلىق، تولا مالامەت قىلماسلىق دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىشتىكى مۇھىم ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

ئېيتقىنا كىم ياشار سەن بىلەن چىداپ،
قەدرىنى قىلمىساڭ، (بەرسەڭ ھەم ئازاپ).

يەنە بىر شائىر مۇنداق يازغان:

مەندە بار ھەققى دوستقا ئېھتىياج،
شۇ دوستۇم تۈزسۇن بولسام ئەگەر كاج.

5. بىز دوستلىرىمىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە كەيپىياتىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشقا توغرا كەلگەندە ھېچ كىشى يوق يەردە نەسىھەت قىلىشىمىز ۋە ئاۋام ـ خەلقنىڭ ئالدىدا كۆپەرەك روھىنى كۆتۈرۈپ، ماختاپ قويۇشىمىز كېرەك. ئۇنى ھەر دائىم توغرا چۈشىنىشكە تىرىشىشىمىز ۋە كۆڭلىمىزگە كېلىدىغان

بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ چوقۇم بىرەر چۈشىنىشمەسلىك بولۇش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

6. ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىشتا ئۆزىمىزگە تەلەپنى يۇقىرى قويۇشىمىز، ئەمما قارشى تەرەپكە يول قويۇشىمىز كېرەك. ھەر ئىشتا مەن قىلغاننى چوقۇم سەنمۇ قىلىسەن دەپ تۇرۇۋېلىش دوستلۇققا دەز كەتكۈزىدۇ.

7. دوستلۇق گوياكى كۆچەتكە ئوخشايدۇ. كۆچەت تىككەن ئىكەنمىز ئۇنى پەرۋىش قىلىشىمىز، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرۇشىمىز كېرەك، بولمىسا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ.

ئاخىرىدا بارلىق قىز ـ يىگىتلەرگە تەكىتلەپ قويىدىغىنىم، دوستلار ئارا قىلىنىدىغان ياخشىلىقلارنى ھەرگىزمۇ ئالۋاڭ ـ سېلىق دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقىڭلار كېرەك. ناۋادا سىلەر دوستۇڭلارغا ياخشىلىق قىلغان بولساڭلار ئۇلاردىنمۇ بىر كۈنلەردە ئۆز نېسىۋەڭلارنى ئالىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ساداقىتىدىنمۇ بەھرىلىنىسىلەر.

## 26 ـ گۈلخان

### بوشاڭ، ئۆزگە ئىشەنمەيدىغانلاردىن بولماڭلار...

ئى ياشلار، سىلەر بۇ ئۈممەتنىڭ كېلەچىكى، سىلەر سالىھ، كۈچلۈك، تالانتلىق، ئۆتكۈر بولساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەر شەكىللەندۈرگەن ئۈممەتمۇ شۇنداق بولىدۇ. پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ توغرا يولنى ۋە دۇنيادىكى ئەسلى ئورنىنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر مۇسۇلمانلار ئىسلامىي ئەخلاققا تويۇنغان، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە، ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كۆزلىرى چەكسىز ئۇپۇققا تىكىلگەن يېڭى ئەۋلادلارغا مۇھتاج.

يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال نىيىتىمىز ۋە ھەرىكىتىمىز پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك. پەقەت ياخشى نىيەتلا كىچىك ئىشلارنىمۇ يۇكسەك قىممەتكە ۋە ئۇلۇغ مەنىگە ئىگە قىلالايدۇ. بەدنىيەتلىك ۋە كۆڭلى قارىلىق ئۇلۇغۋار ئىشلارنىمۇ ئەرزىمەس ۋە چۈپرەندە ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ناۋادا سىلەردە ھەققى توغرا يۆنىلىشتە مېڭىش ئارزۇسى بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ بوشاڭ، ئىرادىسىز بولماسلىقىڭلار كېرەك. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئىسلامىي ھازارەتنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ چىققان بۈيۈك پېشۋالار بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارماننىڭ ۋە پايانسىز ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن.

بايان قىلىنىشىچە، ھىندى بىنتى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلى مۇئاۋىيەنى ئەگەشتۈرۈپ مەككىدە كېتىۋاتاتتى، بىر ئايال ئۇنىڭغا «ئوغلۇڭ كەلگۈسىدە قەۋمىگە رەھبەر بولغۇدەك» دېدى. ھىندى: «ئەگەر ئۇ پەقەت قەۋمىگىلا رەھبەر بولۇپ توختاپ قالسا ئوغلۇم دېمەسمىنا!» دېدى. ئەمەلىيەتتە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا 20 يىل ۋالىي بولدى ۋە شۇنداقلا پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا 20 يىل خەلىپە بولدى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈكسەك ھىممىتى توغرىسىدا نۇرغۇن شېئىر، نەسىر، مەدھىيە ۋە قەسىدىلەر يېزىلدى. بۇ ھەقتە جۇنەيد مۇنداق دېدۇ: «بىراۋ چىن كۆڭلىدىن بىر ئىشقا يەتمەكنى ئىستىسە ئۇنىڭغا يېتىدۇ، ئەگەر پۈتۈنلەي يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ بىر قىسمىغا بولسىمۇ يېتىدۇ». ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىيەنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «ھىممەت ۋە ئارزۇ ـ ئارماننىڭ يۇقىرىلىقى ئەقلىنىڭ كامالىتىدىن بېشارەت، بوشاڭلىق ۋە ئادەتتىكى نەرسىلەردىن قانائەت ھېس قىلىپ ياشاش چۈپەيلىك ۋە ئىرادىسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

مۇتەنەببىي مۇنداق دەيدۇ:

ئۈستۈن بولسا ھىممىتىڭ ئەگەر،
جان ـ ۋۇجۇدۇڭ شۇ يولدا ئۆتەر.

(يەنى يۈكسەك ئىرادە ۋە ھىممەتكە ئىگە بولساڭ، سېنىڭ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ئازار بېرىش، پۇچەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ۋاقتىڭ ئاشمايدۇ.)

ئەي ياشلار، دانىشمەنلەرنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت دەل ھازىرنىڭ ئۆزىدۇر». «بۇرۇن ئۆتكەنلەر كېيىنكىلەرگە پۇرسەت ئاتلىق بىر نەرسە قالدۇرغان ئەمەس». دېمەك، بىزنىڭ ھەر مىنۇتىمىز ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان بۈيۈك پۇرسەتلەرگە توشقان. بىز ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىدىغان، ئۆزىمىزنى بېغىشلايدىغان يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمان ۋە چەكسىز ھىممەتكە ئېھتىياجلىقمىز. تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ناۋادا پارلاق كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز ئارقىلىق ۋاقتىمىزنى قىلىپلاشتۇرمىساق، بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ تۈگەيدۇ. يوشۇرۇن ئېنېرگىيىمىزنى يۈكسەك نىشان ۋە بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلار قوزغاتمىسا بىكاردىنىلا خوراپ كېتىدۇ. يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىز پۈتۈن دۇنيادا ئېتىراپ قىلىنغان، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئورتاق قاراش ۋە ھەقىقەت.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئۆزۈڭلارنى چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قوغداڭلار. سىلەرنى ئۈمىدسىزلىككە باشلايدىغان، ھىممىتىڭلارنى چۈشۈرىدىغان، قەلبىڭلارغا قورقۇنچ كۆلەڭگىسى تاشلايدىغان، ئىرادىسىزلىك ۋە كەينىدە قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان كىشىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولماڭلار.

دائىم ئۆزۈڭلارنىڭ پرىنسىپى ۋە دىنىي كۆرسەتمىلەر رامكىسىدىن چەتنىمىگەن ھالدا يۈكسەك ئىستەكلەرنىڭ كوييىدا بولۇڭلار. زۆرۈرىيەتسىز دوست ـ ئاغىنىلەرنى قويۇپ، يۈكسەك ئارزۇلىرىڭلارغا يېتىش يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىڭلار. دانىشمەنلەر مۇنداق دېگەن: «ياشلىق چاچنىڭ قارىلىقى، تېرىنىڭ سۈزۈكلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىرچىل ھالدا ئەقىل ۋە روھنى يۈكسەلدۈرۈش، ئۆز ئارزۇسى يولىدا ئىلگىرىلەش بىلەن ئۆلچىنىدۇ».

2. تۈنجى قەدەمدىكى خەۋپسىرەش تۇيغۇسىنى پاچاقلاپ تاشلاڭلار. ھە دېسىلا قاراپ بېقىش، پىلان تۈزۈش تەرەپدارى بولماي، ئەمەلىي كىرىشىش ۋە ئىجرا قىلىش تەرەپدارى بولۇڭلار.

3. ۋاقتىڭلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئۆزۈڭلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە ئۆزۈڭلاردا بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشقا ئاجرىتىڭلار.

4. ھەر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇشنى ئۆگىنىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت يولى تىكەنلەر بىلەن قورشالغان بولىدۇ.

5. ھىممىتى ئۈستۈن، ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرى چوڭ ـ چوڭ ئىشلار بولىدۇ. مەشھۇر، ئىرادىسىز كىشىلەر ھە دېسىلا ئۇششاق ئىشلارغا ئېسىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. بىر قىسىم ئادەملەردە قەدەم كۆتۈرۈش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بارلىق ئامىللىرى مەۋجۇت تۇرۇپمۇ يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەرزىمەس ئىشلارغا دىققىتىنى چېچىپ، ئۇششاق ئىشلار بىلەن ئەمەك بولۇپ كەتكەن.

27 ـ گۈلخان

## ئېغىر كۈنلەرگە قارىتا تەييارلىقىڭلار بولسۇن...

ئى ياشلار، بىز جەمئىيەتتە قانچىلىك كۈچلۈك بولايلى، ئاللاھنىڭ ئالدىدا تولىمۇ

ئاجىز بەندىلەرمىز. قانچىلىك زەردار بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ ئالدىدا تولىمۇ گادايمىز، ئاللاھقا مۇھتاجمىز. بىز ھەر دائىم مۇشۇ ئاڭ ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. مىنىڭ مۇنۇ ئالتۇن نەسىھەتنى قۇلىقىڭلارغا پىچىرلىغۇم بار: «ھەر بىرىڭلارنىڭ پەقەت ئۆزى ۋە ئاللاھلا بىلىدىغان ئالاھىدە بىر ياخشى ئىشى بولسۇن. ئۇ ئىشنى ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە ئاللاھ ئالدىدا ۋەسىلە قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويسۇن. شۇنداق ئىشىنىڭلاركى، ئاللاھ شۇ ئىش يۈزىسىدىن ئېغىر كۈنلەردىكى دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلار». سەلەف مۇنۇ قىسسىنى بىلىسىلەرغۇ دەيمەن: «بىر كۈنى ئۈچ ئادەم بىر غارغا كىرىپتۇ، تۇساتتىنلا تاغ ئۈستىدىن بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ غارنىڭ ئېغىزى تۇۋاقلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشتا ئاللاھنىڭ بىر ھېكمىتى بار، بىز ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھەرگىزمۇ چىقىپ كېتەلمەيمىز دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىشلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا يېلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار تىلغا ئالغان ياخشى ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئالاھىدە ۋە بۈيۈك ئىشلار ئىكەن. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇلارنى غاردىن سالامەت قۇتقۇزۇپ قاپتۇ».

ئى ياشلار، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى قايسىكەن بىلەمسىلەر؟!

ئەمىسە مەن دەپ بېرەي: ئۇلارنىڭ بىرى سودىگەر ئىكەن، قاچانلا بىر قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىنى كۆرسە، خىزمەتچىلىرىگە «بولدى قىلىڭلار، ئۇ كىشىنى قىستىماڭلار، ئاللاھ مېنىمۇ تەڭلىكتە قويماس دەپ ئۈمىد قىلىمەن» دەيدىكەن. دەرۋەقە ئاللاھ ئۇنى ئەڭ ئېغىر كۈندە قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. دېمەك، ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ھېچكىشى بىلمەيدىغان ياخشى ئىشلىرىمىز گويا بىزنىڭ زاپاس ساقلاپ قويغان بايلىقىمىزدۇر. بىز قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغاندا ياكى جىددىي ئەھۋاللارغا يولۇققاندا زاپاس بايلىقنى سەرپ قىلىمىز.

ئى ياشلار، بىز پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئىچىدە، جەمئىيىتىمىزدە ۋە ۋەتىنىمىزدە ئىسلاھات بايراقدارلىرى ۋە ياخشىلىق دەۋەتچىلىرى بولايلى. ھەر دائىم ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە قۇربان بېرىشكە ھازىر تۇرايلى. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە ۋە خەلقىمىزگە قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئىشىمىز يۈكسەك خاراكتېرگە ئىگە ئۆلگە يارىتىشتۇر. مىللەتلەرنى يۈكسەلدۈرىدىغىنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغىنى نوقۇل پىكىر ۋە ئىدىيەلا بولماستىن، بەلكى ئېقتىدار، تەسەۋۋۇر ۋە جانلىق ئۆلگىلەردۇر. ۋەتەنداشلىرىغا ئۆلگە بولالىغانلارنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى باشقىلاردىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئېيتقانلىرىمىزغا بىر قانچە مىسال ئالايلى:

بىر قىز ئۆز مەھەللىسىدىكى قارىغۇچىسى يوق بىر ياشانغان ئايالنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرغان بولسا، زۆرۈر تېپىلغاندا ئىقتىسادىي ئېھتىياجلىرىغا ياردەم بېرەلىگەن بولسا...

بىر قىسىم ياشلار بامدات نامىزىدىن بىر سائەت بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاللاھقا ئىستىغفار ئېيتقان ۋە ناماز ئوقۇغان، شۇندىلا ئائىلىسىدىكىلەرنى نامازغا ئويغاتقان بولسا...

بىرەيلەن ھەر كۈنى ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلىشنى ئىزچىل ئادەت قىلغان بولسا...

بىر ياش قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر راست سۆزلەش ۋە ھەققەتنى سۆزلەشنى ئۆزىگە ئەھدە قىلغان بولسا...

بىر ياش ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، گېپىدە تۇرۇش ۋە ۋاقىتقا رىئايە قىلىشتا تەڭتۇشلىرىغا ئۈلگە بولغان بولسا...

بىرەيلەن ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا مېھىر يەتكۈزۈشتە ئۈلگىلىك ياشقا ئايلانغان بولسا...



(... چوقۇمكى، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان بولسا، بۇلار ئاللاھ ئالدىدا ساقلاپ قويۇلغان بايلىقلىرىمىز ھېسابلىنىدۇ.)

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ھاياتىڭلاردا ھەرگىزمۇ نەسەپ، يۈز-ئابرۇي، مال-دۇنيانى مەركەز قىلىپ ياشىماڭلار. ھەر دائىم مەركىزىي نۇقتاڭلار ئۆزۈڭلار ئىشىنىدىغان پرىنسىپ ۋە ئىزچىل ئادا قىلىدىغان مۇھىم ئىشلىرىڭلاردا بولسۇن.

2. خۇددى ئەيىپىڭلارنى يوشۇرغاندەك ياخشىلىقلىرىڭلارنىمۇ يوشۇرۇڭلار.

3. ئۆزۈڭلارغا ھەر دائىم خۇشاللىق ۋە راھەت بىلەن قىلىدىغان بىر ئالاھىدە ئىش ئىزدەڭلار، مۇشۇ ئىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئەخلاقىي ۋە ئىستىلىي يۈكسەكلىك بىلەن بېزەڭلار.

28 ـ گۈلخان

## ئىرادىلىك ۋە ئىقتىدارلىك بولۇڭلار...

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەنلا دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىرادە ۋە ئىقتىداردىن ئىبارەت ئىككى ئەگكۈشتەرنى ئۆزىمىزگە قانات قىلىشىمىز كېرەك. ناۋادا مەندىن ئىرادە مۇھىممۇ، ئىقتىدارمۇ دەپ سورىساڭلار، مەن ئىككىلەنمەستىن ئىرادە مۇھىم دەپ جاۋاب بېرىمەن. چۈنكى، ئىنسان بىر نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولسا ئىرادىسى ئۇنى ئالغا ئىتتىرىدۇ ۋە ئۇنى بارلىق سەۋەبلەرنى قىلىشقا، كېرەكلىك ئامىللارنى ھازىرلاشقا ئۈندەيدۇ. ئالايلۇق، ئاچ ـ ئۇسسۇز بىر ئادەمنى يېمەك تېپىشقا ئۈندەيدىغىنى ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ۋە تاماققا بولغان كۈچلۈك رىغبىتىدۇر. ئۇ ئادەم شۇ رىغبەت ۋە ئىرادە تۈرتكىسىدە مۇئەييەن ئامالارنى قىلىپ بار كۈچى بىلەن يېمەكلىك تېپىشقا تىرىشىدۇ. پەقەت ئىرادىلا ئاجىز ئادەملەرنىمۇ كۈچتۈڭگۈر قىلىۋېتەلەيدۇ. بىلىمسىز ئادەملەرمۇ ئۆزىنىڭ بىلىمگە بولغان ئېھتىياجىنى ھېس قىلغان ۋاقتىدا ئىرادىسى ئۇنى ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ. پەقەت ئىرادىلا ئەرزىمەس نەرسىلەردىن بۈيۈك ئىختىرالارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ناۋادا ئىرادە يوقالسا ھەممە نەرسە يوقايدۇ.

ئى ياشلار، بىر ئادەم خەتەرلىك بىر كېسەلگە گىرىپتار بولسا، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ قېشىدا ھەقسىز داۋالايدىغان ياخشى دوختۇرخانا بولسا، لېكىن ئۇ باھانە كۆرسىتىپ دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمسا... يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. يەنى ھەممە نەرسە تەل ئەمما داۋالىنىش ئىرادىسىلا كەمچىل.

ئى ياشلار، مەن بۇ يەردە مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى دىققىتىڭلار سۇنىمەن:

1. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخسلەردىكى پەرق ۋە ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا ياخشى ئويلىنىپ باقىدىغان بولساڭلار، شۇنى ھېس قىلىسىلەركى، ئۇلار ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىدىكى پەرقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىكى ئىرادىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىدىن كەلگەن. ئالايلۇق مەھمۇد ھەر كۈندە بىر سائەت كىتاب ئوقۇيالايدىغان، بەش ۋاقىت مەسچىتكە بارالايدىغان، يولدا ئۇچرىغان چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەنگە سالام بېرەلەيدىغان تۇرۇپ، ئۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلمايدۇ. ئەھمەت بولسا، شۇلارنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ. بۇلاردىكى پەرق زادى نەدە؟! پەرق دەل ئىرادىدە.

2. ئاللاھ تائالا ناھايىتى مېھرىبان بولغاچقا، بىزگە ئىرادىمىزنى كۈچەيتىش ئىقتىدارى ئاتا قىلغان. ھېچ نەرسىسى بولمىغان نامرات ۋە ئاجىز ـ ئورۇقلاردىمۇ، ئۆزى كۈچەيتەلەيدىغان، كونترول قىلالايدىغان ئىرادە بار. (يەنى شۇلار نامراتلىقتىن،

ئاجىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئىرادىسىگە كەلسەكلا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىدۇ). ئەمما ئىقتىدار يېتىلدۈرمەك، ئىرادە يېتىلدۈرمەكتەك قولاي ئەمەس. چۈنكى ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش شارائىت ۋە ۋەزىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئەمما ئىرادە توسالغۇسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارنىڭ يۈكسەك غايە تەرىپىگە يۈرۈش قىلماي (سۈنىڭ ئىقشىغا، تۈكىنىڭ يىتىشىغا بېقىپ ئىش قىلىپ) يۈرۈشىنى زادىلا ئاقلىغىلى بولمايدۇ.

3. بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىقتىدار بىلەن ئىرادىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىمىز ۋە «بىز مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلالمايمىز» دەيمىز. ئەمەلىيەتتە بىز قىلالمايمىز ئەمەس، بەلكى قىلىشنى خالىمايمىز. ئاندىن «قىلىشنى خالىمايمىز» دېيىشتىن خىجىل بولۇپ، «قىلالمايمىز» دەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچىمىز. مۇناپىقلار تەبۇك غازىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندا ئۆزلىرىنىڭ چىقالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە ئېيتقان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دىگەن: «ئۇلار ئاللاھ بىلەن قەسەم ئىچىپ: ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن چىققان بولاتتۇق» دەيدۇ، ئۇلار (يالغان قەسەملىرى تۈپەيلىدىن) ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر.»[1] ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتكە ئەگەشتۈرۈپلا ئۇلارنىڭ مەسلىسىنىڭ ئىقتىدار مەسلىسى ئەمەس، بەلكى ئىرادە مەسلىسى ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە چىقىشقا تەييارلىق كۆرگەن بولاتتى.»[2]

ئەي ياشلار، ئۆزىمىز توغرىسىدا ياخشىراق ئويلىنىپ باقايلى، بىزدىكى بوشاڭلىق ۋە ناقابىللىق ئىرادىمىزدىكى نۇقسانمۇ ياكى ئىقتىدارىمىزدىكىمۇ؟! مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كەمچىلىكلىرىمىزنىڭ تۈپ نېگىزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، نۇرغۇن كەمچىلىكلىرىمىز ئىرادىمىزنىڭ بوشلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇنداقتا ئىرادىمىزنى قانداق كۈچەيتىمىز؟!

بۇنىڭ جاۋابىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز. بىز ئۆزىمىزدىن غالىپ كېلىشتە، ناچار ئادەتلىرىمىز ۋە شەھۋەتلىرىمىزنى يېڭىشتە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە تولىمۇ مۇھتاج. ئاللاھنىڭ ياردىمىگە نەپسىمىز بىلەن جىھاد قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ يولىمىزدا جىھاد قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز.»[3]

[1] سۈرە تەۋبە 42 ـ ئايەت
[2] سۈرە تەۋبە 46 ـ ئايەت
[3] سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت

2. «ئۇلار (كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسەتتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق.»[1] ئۇز نەپسى بىلەن كۆرەش قىلماي، ئۆزىنى يەڭمەي تۇرۇپ ئىرادەمنى كۈچەيتىمەن ياكى ئىرادە تىكلەيمەن دېيىش ئورۇنسىز ئۇرۇنۇش ھېسابلىنىدۇ.

2. دائىم ئىرادىمىزنى ئۇرغۇتىدىغان سۆزلەرنى قىلمىز. يەنى «مەن باشقىلارغا ياخشىلىق تىلەيمەن، مەن باشقىلارغا ياردەم قىلسامكەن دەيمەن، نامازلارنى مەسچىتتە ئۆتەش قارارىغا كەلدىم، مەن قارارىمدا چىڭ تۇرۇشۇم كېرەك، مەن كۈچلۈك بولۇشۇم كېرەك...» دېگەندەك.

3. ئىرادىنى تەدرىجىي كۈچەيتىش. ئۆزىمىزنى بىر ئىشلارغا كۆندۈرۈۋاتقان چېغىمىزدا، كىچىك، كونكرېت ئىشلاردىن باشلىشىمىز كېرەك. شۇ ئىشلار بىزنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ بولغاندا، ئۇنىڭغا يەنە باشقا ئىشلارنى ئاز-ئازدىن قوشساق بولىدۇ. ناۋادا بىز ئادەتتە پەقەت كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم بولساق، دەسلەپتە ھەر كۈنى يىگىرمە مىنۇت كىتاب ئوقۇشنى ئادەت قىلساق، بىرەر يىل ئۆتكەندە قىرىق مىنۇتقا چىقارساق بولىدۇ.


4. زۆرۈر بولمىغان ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تارتىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زۆرۈر بولمىغان ئىشلار بولۇپ قالسا، ئۇنى كىچىكلىتىۋېتىش، ئورنىغا باشقا ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئاستا-ئاستا ئەھمىيەتسىز ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز كېرەك.

5. ناچار ئادەتلىرىمىزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ناۋادا بىز تولا قاقشايدىغان، ھەر ئىشتىن خاپا بولۇپلا يۈرىدىغان كىشىلەردىن بولساق، ئاللاھنى تولا زىكىر قىلىش، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش ئارقىلىق بۇ ناچار ئادەتتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئەگەر تولا ئۇخلايدىغان ئادىتىمىز بولسا، كىچىك بولسىمۇ مەنپەئەتلىك بىر ئىشنى ئىزچىل قىلىش ئارقىلىق بۇ ئادەتتىن قۇتۇلۇشقا كۈچىشىمىز كېرەك.

6. ئىرادىلىك، ئۆزگە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان كىشىلەرنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىۋالساق، ئۆزىمىزمۇ تۈيمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ ناچار ئادەت ۋە ھەۋەسلەرگە قانداق تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالالايمىز.

—— داۋامى كېيىنكىساندا...

[1] سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت



# مىسىردىكى تۇنجى ھەنەفىي مەدرىسىنىڭ تۇنجى مۇدەررىسى — ئەللامە مۇھەممەد خوتەنىي

ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

ئەللامە مۇھەممەد خوتەنىي تۈركىستان، خۇراسان، شام ۋە مىسىر قاتارلىق دىيارلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن كاتتا ئۆلىما ۋە ھەنەفىي مەزھىپىدىكى فەقىھتۇر. ئۇ شامدىكى زەنكىي دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى نۇرۇددىن زەنكىي(1174 ـ 1118) تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، شامدىكى «سادىرىييە» مەدرىسەسىگە باش مۇدەررىس قىلىنغان. كېيىن مىسىردىمۇ ئەييۇبىي سەلتەنەتىنىڭ قۇرغۇچىسى سالاھۇددىن ئەييۇبىي (1193 ـ 1138) تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، «سۇيۇفىييە» مەدرىسەسىگە مەسئۇل قىلىنغان. «سۇيۇفىييە» مەدرىسەسى مىسىردىكى تۇنجى ھەنەفىي مەدرىسەسى بولۇپ، ئەللامە مۇھەممەد خوتەنىي بۇ مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلغان تۇنجى مۇدەررىس ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا: ئۇ «شاتىبىييە»ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، مەشھۇر قىرائەت ئالىمى ئىمام شاتىبىي (1194 ـ 1144) بىلەن سەبداش ۋە سەپەرداشتۇر.

ئەللامە مۇھەممەد خوتەنىي ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بىزگە ھازىرچە مەلۇم ئەمەس، پەقەت قولىمىزدىكى مەنبەلەردە ئۇنىڭ ھەققىدە بېرىلگەن قىسقىچە ئۇچۇرلارلا بىزنى ئۇنىڭ ھايات سەھىپىسىگە باشلايدۇ.

## ئەللامە مۇھەممەد خوتەنىي ھاياتىدىن بىر تامچە

ئەللامە مۇھەممەد خوتەنىينىڭ تولۇق ئىسمى: مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى

مۇھەممەد بولۇپ، كۇنيەسى: ئەبۇ ئابدۇللاھ، ھۆرمەت نامى: مەجدۇددىن (دىننىڭ شان ـ شەرىپى دېگەن مەنىدە)، تەۋەلىك ئىسمي: خوتەنىي ھەنەفىيدۇر.

ئەللامە مۇھەممەد خوتەنىينىڭ ئاتىسى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەمرى بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان ئەمىرلىك مەنسىپىنى ئىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئىلىم سەپىرىگە ئاتلانغان. ئۇ سەمەرقەنت، بۇخارا، خۇراسان، مەككە، فۇستات قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئاخىرى ئۇ كاتتا ئالىم بولۇپ، فەقىھلىك دەرىجىسىگە يەتكەن.

بۇ ھەقتە ئىمام قۇرەشىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەبۇ ئابدۇللاھ مەجدۇددىن خوتەنىي ماۋارائۇننەھرۋە خۇراسان ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ پادىشاھى[1] ئىدى، ئۇ پادىشاھلىق مەنسىپىنى كىچىك قېرىندىشىغا قالدۇرۇپ، ئىلىم تەلەپ قىلغان، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە خۇراسانلارغا بېرىپ فەقىھ بولغان»[2].

ئىمام قۇرەشىينىڭ ئەللامە خوتەنىي ھەققىدە قەلەمگە ئالغان ئىلھامبەخش سەتىرلىرىدىن كەچكەن دەملەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىزكى: ئىلىم ئىشقىدا ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، ھىجرەت قىلىش ئىلىم سەۋدالىرى ھايات سەھىپىلىرىدە داۋاملىق دېگۈدەك ئىلغا قىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئىلىم ئۈچۈن مەنسەپنى تەرك ئېتىش بۇيۈك ئەللامىلەر ھاياتىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئىزنالاردىندۇر. مانا بۇ ئىزنالار ئىچىدە، كۆرگىنىمىزدەك ئەللامە خوتەنىينىڭ ئىزناسىمۇ خاتىرلەنگەندۇر.

ئەللامە خوتەنىي ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن شامغا بارغان. دەمەشىقتە سۇلتان نۇرۇددىن زەنكىي ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋە ئۇنى «سادىرىييە»[3] مەدرىسەسىنىڭ مۇدىرلىقغا تەيىنلىگەن[4]. ئەللامە خوتەنىي بۇ مەدرىسەدە مۇدەررىسلىكمۇ قىلغان.

بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد خوتەنىي ھەنەفىي پەزىلەتلىك فەقىھ ئىدى، ئۇ دەمەشىقتە شەھىد نۇرۇددىننىڭ دۆلىتىدە مۇدەررىسلىك قىلغان»[5].

[1] بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان پادىشاھلىق قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىنى كۆرسىتىدۇ. دوكتور سۇئاد ھادىي: «القراخانيون»، 126 ـ بەتكە قاراڭ.
[2] ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىي: «الجواهر المضية»، 2 ـ جىلد، 125 ـ 126 ـ بەتلەر.
[3] دەمەشىقتىكى «سادىرىييە» مەدرىسەسىنى سەلجۇقىيلارنىڭ ۋاقتىدا دۆلەت ئەركانلىرىدىن سادىر ئىبنى ئابدۇللاھ مىلادىيە 1098 ـ يىلى بىنا قىلدۇرغان بولۇپ، دەمەشىقتىكى تۇنجى ھەنەفىيلەر مەدرىسەسىدۇر. بۇ مەدرىسە بىناسى 1983 ـ يىلى شەھەر پىلان قۇرۇلۇشىدا چېقىۋېتىلگەن، لېكىن مەدرىسەنىڭ بىر قىسىم قالدۇق خارابىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. مەدرىسە جايلاشقان كوچا ھېلىمۇ مۇشۇ مەدرىسە نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.
[4] ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىي: «الجواهر المضية»، 2 ـ جىلد، 126 ـ بەت، دوكتور سۇئاد ھادىي: «القراخانيون»، 126 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
[5] ئىمام ئىبنى ھەجەر: «تبصير المنتبه»، 1 ـ جىلد، 300 ـ بەت.

بۇ ھەقتە يەنە ئەللامە زەبىيدىمۇ ئىمام ئىبنى ھەجەرگە ئوخشاشلا مەلۇمات بېرىپ، مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد خوتەنىي ھەنەفىي پەزىلەتلىك فەقىھ كىشى ئىدى، ئۇ دەمەشقتە شەھەد نۇرۇددىننىڭ دۆلىتىدە مۇدەررىسلىك قىلغان»[1].

ئەللامە خوتەنىي بىر مەزگىلدىن كېيىن مىسىرغا بارغان. مىسىردا سۇلتان سالاھۇددىن ئەييۇبىي ئۇنى ئەتىۋارلاپ، قاھىرەدىكى «سۇيۇفىييە»[2] مەدرىسەسىنىڭ باش مۇدەررىسى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئايلىقى 11 دىنار مائاش بېكىتىپ بەرگەن، شۇنداقلا مەدرىسە ۋەقپىسىدىن كىرگەن كىرىمنى ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىقىملىرىغا ئىشلىتىش ھوقۇقىنىمۇ ئۇنىڭغا بەرگەن.

ئىمام مەقرىزىي «سۇيۇفىييە» مەدرىسەسى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ مەدرىسە مىسىر دىيارىدىكى ھەنەفىيلەرگە ۋەقفە قىلىنغان تۇنجى مەدرىسە» دېگەن[3]. دېمەك «سۇيۇفىييە» مەدرىسەسى مىسىردىكى تۇنجى ھەنەفىي مەدرىسەسى بولۇپ، بۇ مەدرىسەنىڭ تۇنجى باش مۇدەررىسى ئەللامە خوتەنىي ئىدى. ئۇ تۇنجى مۇدەررىس بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپ شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

بۇ ھەقتە ئىمام قۇرەشىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن ئۇ (يەنى خوتەنىي) مىسىر دىيارلىرىغا كەلگەندىن كېيىن، سۇلتان ناسىر (سالاھۇددىن ئەييۇبىي) داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، ھەتتاكى ئۇنى قاھىرەدىكى ‹سۇيۇفىييە› مەدرىسەسىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ‹سۇيۇفىييە› مەدرىسەسىدە مۇدەررىس بولغان تۇنجى كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر مەنپەئەت ئالغان ئىدى»[4].

ئەللامە خوتەنىي كېيىن يەنە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەندەلۇسقا سەپەرگە چىققان. ئۇ بۇ قېتىم قىرائەت ئىلمىدىكى كاتتا ئالىم ئىمام شاتىبىي بىلەن ھەمسەپەر بولغان. بۇ ھەقتىكى بايانلارنى يەنە ئىمام قۇرەشىيدىن ئاڭلايلى!

[1] ئىمام زەبىيدىينىڭ: «تاج العروس»، 18 ـ جىلد، 174 ـ بەت.
[2] «سۇيۇفىييە» مەدرىسەسىنى سۇلتان سالاھۇددىن ئەييۇبىي 1176 ـ يىلى ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەرگە ۋەقفە قىلىپ قۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، مىسىردىكى تۇنجى ھەنەفىيلەرنىڭ مەدرىسەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىدىكى «سۇيۇفىييە» دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە «قىلىچگاھ» دېگەن مەنىدە. بۇ مەدرىسەنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئەينى ۋاقىتتا قىلىچ بازىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەدرىسە شۇنداق ئاتىلىپ قالغان. ئىمام مەقرىزىينىڭ: «المواعظ والاعتبار»، 4 ـ جىلد، 196 ـ بەتكە قاراڭ.
بۇ مەدرىسەدە تۇنجى بولۇپ ئەللامە مۇھەممەد خوتەنىي مۇدەررىسلىك قىلغان، كېيىن ئەللامە يۈسۈپ خوتەنىيمۇ بۇ مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلغان، ھەتتا بۇ مەدرىسەدە ۋاپات بولغان. «سۇيۇفىييە» مەدرىسەسىنىڭ ئورنى قاھىرە مۇئىز كوچىسىدىكى ھازىرقى شەيخ مۇتەھھەر مەسجىدى دەپ ئاتالغان مەسجىد ئورنىدۇر.
[3] ئىمام مەقرىزىينىڭ: «المواعظ والاعتبار»، 4 ـ جىلد، 204 ـ بەتكە قاراڭ.
[4] ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىي: «الجواهر المضية»، 2 ـ جىلد، 126 ـ بەت.

ئىمام قۇرەشىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (يەنى خوتەنىي) ئەندەلۇسقا سەپەرگە چىقتى، ئۇ بۇ سەپەردە شەيخ ئەبۇلقاسىم شاتىبىينى ھەمراھ قىلدى، ئۇ ئىككىلەن يولدا توختىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلىشىپ ماڭدى. خوتەنىي بۇندىن ئىلگىرى قۇرئاننى يادلىمىغان ئىدى، ئۇ قۇرئاننى يادقا ئالمىغۇچە قايتىپ كەلمىدى»[1].

كېيىن سۇلتان ئەللامە خوتەنىينىڭ خەۋىرىنى ئىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىدىكى بەزى تۆھمەت ـ شىكايەتلەرنى بىكار قىلدى. تۆھمەتخورلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا قىلىنغان ناھەقچىلىكلەر ئادىل بىر تەرەپ قىلىندى. ئۇ ئەندەلۇستىن مىسىرغا قايتىپ كېلىپ يەنە ئۆز مەدرىسەسىگە ئورۇنلاشتى.

ئىمام، فەقىھ، ئەللامە، مەجدۇددىن مۇھەممەد خوتەنىي ھىجرىيە 576 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى شەنبە (مىلادىيە 1180 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) ۋاپات بولۇپ، قاھىرەدىكى مۇقەتتەم تاغ باغرىغا دەپنە قىلىندى.

ئاللاھ ئالىممىزدىن رازى بولغاي ۋە رازى قىلغاي ئامىن!

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىينىڭ: «الجواهر المضية» ناملىق ئەسىرى، ھىندىستان «مجلس دائرة المعارف النظامية» نەشرىياتى 1913 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

2. ئەلى مۇھەممەد نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئىبنى ھەجەرنىڭ: «تبصير المنتبه» ناملىق ئەسىرى، مىسىر «المؤسسة المصرية العامة» نەشرىياتى 1967 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

3. ئىمام مەقرىزىينىڭ: «المواعظ والاعتبار» ناملىق ئەسىرى، مىسىر «مطبعة النيل» نەشرىياتى 1908 ـ يىل نەشرى.

4. ئەلى شىير نەشرگە تەييارلىغان، ئىمام زەبىدىينىڭ: «تاج العروس» ناملىق ئەسىرى، لىۋان «دار الفكر» نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى.

5. دوكتور سۇئاد ھادىي: «القراخانيون» ناملىق ئەسىرى، «دار صفحات» نەشرىياتى 2016 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

[1] ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىي: «الجواهر المضية»، 2 ـ جىلد، 126 ـ بەت.

قوشۇمچە:

سۈرەتتە: دەمەشقتىكى ‹سادرىييە› كوچىسىدىكى تامغا ئورنىتىلغان ئىككى مېتال تاختاي بولۇپ، ئۇ ئىككىسىدە ئەرەبچە «سادرىييە مەدرىسەسى كوچىسى» دېگەن خەت بىلەن مەدرىسەنىڭ قىسقىچە تارىخى يېزىلغان).









سۈرەتتە: ‹سادرىييە› مەدرىسەسىنىڭ دەمەشقتە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خارابىسى).





# ئەي مۇسۇلمان ياش! «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگىن

نۇرىددىن يىلدىز
ئابدۇللا يالقۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن ۋە شۇ هالەتتە قال! تومۇرلىرىڭدىكى ئىمانىڭ، دىلىڭدىكى زىكرىڭ، يۈرىكىڭنىڭ سوقۇشلىرى ئۇ بولسۇن!

ئىشىڭنى بۇ سۆز بىلەن باشلىغىن. يەرلىرىڭنى بۇنىڭ بىلەن هەيدە. تويۇڭ سۆزلىسۇن، تىرىكلىكىڭ سۆزلىسۇن، جىنازاڭ سۆزلىسۇن.تەسبىھىڭ بۇ بولسۇن، نامايىشلاردىكى شوئارلىرىڭ بۇ بولسۇن. ئىرادەڭنى بۇ سۆز بىلەن شەكىللەندۈر. نىشانىڭنىڭ ئالدىغا بۇنى تىكلىگىن. كېچە ـ يۇ، كۈندۈز نىدالىرىڭ ئاللاھۇ ئەكبەر بولسۇن. بۇ شۇنداق بىر ئېلاندۇركى، هېچكىم يالغان دېيەلمەيدۇ، پەرۋاسىز قارىيالمايدۇ، جىمىقتۇرالمايدۇ!

ئاللاھۇ ئەكبەر! دۇنيادا سانىغلى بولىدىغان نېمە بولسا، شۇلارنىڭ سانى، مىقدارىچىلىك ئاللاھۇ ئەكبەر.

بۇنى كۆرگىن، بۇنى ئويلىغىن، بۇنى خىيال قىلغىن!

بۇ سۆزنى يۈرەكتىن سۆزلىگىنىكى، ئۇچ ئەسىر غاردا سولىنىپ قالساڭمۇ ئاۋازىڭ ئەبەدىي قالسۇن، نامىڭنى ئاسمانلار ۋە ئوكيانلار ياد ئەتسۇن. يېشىڭ چوڭايسۇن، ئەمما سەن ياش هالىتىڭدە قال. بوران ـ چاپقۇنلار سېنى ئاجىزلاتمىسۇن. هەرخىل سۆز قىلىدىغانلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلما. بۇ ئابھايات سۈيى پانىي دۇنيادا پانىيلارنىڭ

ئارىسىدا ساڭا مەڭگۈلۈك جەننەتنى ھېس قىلدۇرسۇن.

ئەي مۇئمىن ياش، شۇنى بىلىشىڭ ۋە ئىمان ئېيتىشىڭ كېرەككى:

ئىنسانىيەت يارىتىلىشتىن، دۇنيا دۇنيا بولۇشتىن بۇرۇن، ئالەم بوشلۇقىدىن زەررىلەرگىچە ھەر نەرسىنى بىلگەن ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر. مۇئەززىنلەردىن بۇرۇن مەسجىد مۇنارلىرىنىڭ تاشلىرى ئاللاھۇ ئەكبەر دېدى، دەريالار شۇنى دەپ ئاقتى، يامغۇرلار شۇنى دەپ ياغدى، بۇلۇتلار بولسا ئاللاھۇ ئەكبەرنى ئاسمانلارغا تارقاتتى. دەل ـ دەرەخلەر تىلغا كەلدى ـ دە، ئاللاھۇ ئەكبەر دېدى. چوققىلار بىلەن قۇشلار بۇنىڭ ئۈچۈن بەيگىگە چۈشتى. تىلسىزلار تىلى بولغانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشتى. تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە، باشتىن ـ ئاخىرغىچە، چوڭدىن كىچىككىچە ھەممە نەرسە ئاللاھۇ ئەكبەر دېيىش ئۈچۈن يارىتىلدى.

بۈيۈكلا ئەمەس، ئەڭ بۈيۈكتۇر ئاللاھ!

ئۇنىڭ ئىشلىرى ئەڭ بۈيۈكلەرنىڭ ئىشلىرىدۇر. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ قۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغۇچىلارغا ئوخشاش، ئاسىي بولۇپ خاتا يولدا مېڭىۋاتقانلارمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئەمەلىيەتتە چىقىرىلىۋاتقان سۇئىي بوران ـ چاپقۇنلار سېنى قانداقسىگە ئالدىيالىسۇن؟ سەن قانداق بولۇپ چىرىپ تۈگەشكە مەھكۇم بولغانلارنى ئەبەدىي بولغان ئاللاھقا تېڭىشىسەن؟ قانداقسىگە؟



فىرئەۋن يوق ۋاقتىدىمۇ بۇ شۇنداق ئىدى. فىرئەۋن كېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇ يەنىلا شۇنداق تۇردى. فىرئەۋن ھالاك بولۇپ كەتتى، يەنىلا ئاللاھۇ ئەكبەر شۇ پېتى، ئەزەلدىن بولغىنىدەك ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك ھالەتتە قېلىۋەردى.

نەمرۇت، قارۇن، ھامان ۋە يەنە نۇرغۇنلار بۇ دۇنيا سەھنىسىگە كېلىپ ـ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كېلىپ سەھنىدە كۆرۈلۈشىمۇ ئاللاھۇ ئەكبەرنىڭ تەجەللىسى ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار كەلدى، ئەمما ئۇلارنى شۇ ئەھۋالغا ئېلىپ كەلگەن زاتنى كۆرۈشنى خالىمىدى. كېتىشتى، ئاللاھۇ ئەكبەر ھەقىقىتى ئالدىدا جەسەتلىرىدىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ قىلمىشقان دەۋالىرى چىرىپ تۈگىدى.

ئەڭ ئېگىز تاغدىن ئەڭ كىچىك شېغىل تاشقىچە ھەر نەرسىنىڭ ئۈستىدە خۇددى پاتېنت ھوقۇقىغا ئوخشاش «ئاللاھۇ ئەكبەر» ھەققىتى يېزىلغاندۇر.

تىرىكلەرمۇ، ئۆلۈكلەرمۇ بۇ سۆزنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ. سەۋر قىلغانلار بولسا بۇنى ھەققىي مەنىدىن ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇلار شۇنى بىلىدۇكى، بۇ ئاۋاز، بۇ سادا، بۇ ئاللاھۇ ئەكبەر كەلىمىسى بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ، ئوكياندىكى يۇكسەك دولقۇنلارنىڭ چىقىرىۋاتقان مۇڭلىرىدۇر.

شەيتان جىمىقتۇرماقچى بولغان ئاۋاز بۇ ئاۋازدۇر. شەيتان ئادەم ئاتىمىز بىلەن باشلانغان ئىنتىقام ئۇرۇشىنىڭ غالىبى بولۇش ئۈچۈن شۇنى خالايدۇكى، «ئاللاھ ئەڭ بۈيۈك» دەپ بىلىنمىسۇن. بىلىنسىمۇ پەقەت ئېغىزدىلا بىلىنسۇن، ئەمما ئەمەلىيەتتە قورالى بولغانلار، پۇلدارلار، ئاخباراتى بولغانلار، ئىشغالچىلار ئەڭ بۈيۈك بىلىنسۇن، مال ـ دۇنيا ئەڭ بۈيۈك بولسۇن، ھوقۇق ۋە ماقام ئەڭ ئۈستۈن تۇتۇلسۇن، كۈچكە چوقۇنۇلسۇن، زېمىننىڭ ئۈستى ھەققەت، ئاستى خىيال دەپ قارالسۇن، خەۋەرلەر مېدىيادىن ئېلىنسۇن، خەۋەرلەرگە كۆرە كەلگۈسى پىلانلانسۇن...

شەيتان بۇنى خالايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان ئادەملىرى بۇنى دۇنياغا تارقىتىدۇ. بۇنداق ئويلىمايدىغانلارنى يوقاتماقچى بولۇشىدۇ. قورallىرى، پۇللىرى، پۈتۈن كۈچى بۇ ۋەسۋەسىنى مۇئمىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشقا تىرىشىدۇ.

ئاللاھ بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىكەنلىكىنى بىزنىڭ قۇلىقىمىزغا ئۇلاردىن بۇرۇن ئاڭلاتقان ئىدى. بىز تېخى بۆشۈكتىكى ۋاقتىمىزدىلا بىلگەن بىردىنبىر ھەققەت شۇكى، ئاللاھۇ ئەكبەر! باشقىسى بىكار،

ئەي مۇئمىن ياش! سەن ئەنە شۇ بۆشۈكتىكى ساپلىقىڭ بىلەن قال. ئىمانىڭنىڭ ماھىيىتىنى ئۇنتۇما. كۇفۇرنىڭ مىڭ خىل رەڭ ۋە ھىيلە بىلەن ئالدىڭغا قويىدىغان تۇزاقلىق سۆزلەرگە، شەيتان تورلىرىغا ئىلىنىپ قالما. ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىڭگىچە ئەسلا توختاپ قالما!

# يېڭى كىتاب...




ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى كىتابخانىلاردا...

يېڭى كىتاب. . .




تېمىسىمۇ، ئۆزىمۇ يېڭى بۇ كىتاب ئىستانبۇلدىكى
ھەرقايسى كىتابخانىلاردا ئوقۇرمەنلىرىنى كۈتمەكتە. . .